


6

1989

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION



ئەدىب، ئالىم ئەھمەدزىيائى (1913)

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
38 - يىل نەشرى
1989 - يىل 6 - سان (ئومۇمىي 181 - سان)

# بۇ ساندا

## مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتىدە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇش لازىم ...... مۇھەممەت زۇنۇن 2

## ئەدەبىيات گۈلزارى

جىنايەت ۋە جازا ...... مۇھەممەت باغراش 6

## تارىختىن سۆز

كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى ...... نىزامىددىن ھۈسەيىن 59

## مۇھاكىمە

ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار ...... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 13

## ئەخلاق - ئادەم زىننىتى

دانىشمەنلەر ئەدەب - ئەخلاق توغرىسىدا ...... تەييارلىغۇچىلار: داموللا ئابدۇلئەزىز، سوزۇك 78

## سەھنە ماتېرىياللىرى

ناخشا تېكىستلىرى ...... مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇددىن 71
مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، تۇرسۇن نىياز، مۇختار خەلىل، مېھمانجان روزى

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

ئىغۋاگەر ئۇ دۇنيادا ...... (ھەجۋىي ھېكايە) ...... مىر مۇھسىن 74

مۇقاۋىدا: ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپ (ماي بوياق) پەرھاد ئىبراھىم سىزغان. مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: قېتىق ساتقۇچى قىز (ماي بوياق) پەرھاد ئىبراھىم سىزغان. خەتتات ۋە رەسسام ئىسمائىل ئىبراھىم (تەكلىپ قىلىنغان)

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى، باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى)
مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
مۇھەممەت زۇنۇن، مۇھەممەت ناتلىق، ئىبراھىم پەخرىددىن، نىزامىددىن ھۈسەيىن،
مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، قۇربان مامۇت، ساتتار توختى

# مەدەنىيەت-سەنئەت خىزمىتىدە ماركسىزم-لېنىنىزم ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇش لازىم

مۇھەممەت زۇنۇن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ خاراكتېرى بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.» يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ سۆزى ئىككى ئايغىچە داۋاملاشقان مالىمانچىلىق ۋە بېيجىڭدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ ماھىيىتىنى دەل جايىدا ئېنىق كۆرسەتتى.

بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى مەدەنىيەت-سەنئەت ساھەسىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى — چەكسىز ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى تەرغىب قىلىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش، تۇرمۇشتىن ئايرىلىش، خەلقتىن ئايرىلىشقا، ھەقىقەت ئۆزىدىلا ئىپادىلىنىشنى تەكىتلەش، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ ھەممىدە پۇلغا قاراش، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئىنكار قىلىپ، پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش، ئادەمنىڭ قىممىتىنى، كىشىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى مۇتلەقلەشتۈرۈپ، ئابستراكتلاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا، بولۇپمۇ خەلق ئاممىسىنى سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەشكە قارشى تۇرۇش، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ «ۋاقتى ئۆتتى»، «ئىدىيىدە كۆپ خىللىقنى يولغا قويۇش كېرەك» دەپ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى ئىنكار قىلىش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى، لېكىن مەسىلىنىڭ تۈگۈنى يەنىلا يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە ئاتالمىش كۆپ خىللىقنى يولغا قويۇش نىقابى بىلەن ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتكە بولغان يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت.



(1989 - يىل 4 - سان)

ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسى «تۆت ئاساسىي پرىنسىپ»نىڭ يادروسى، «تۆت ئاساسىي پرىنسىپ» — مەدەنىيەت-سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئاساسى،

مەدەنىيەت- سەنئەت خىزمىتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ توپ يولى. ماركسىزم- لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدىن ئىبارەت بۇ روھىي تۈۋرۈكتىن ئايرىلغاندا، مەدەنىيەت - سەنئەت سېپىدە بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى يامرايدۇ، مەنىۋى بۇلغىنىش پەيدا بولىدۇ. بۇ، بىر ئاچچىق تارىخىي ساۋاق.

ماركسىزم- لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى — پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، شۇنداقلا، ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭمۇ يېتەكچى ئىدىيىسى. پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت فاكچىنى ماركسىزم- لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆزىگە نەزەرىيىۋى ئاساس قىلغان. ئەدەبىيات- سەنئەت خادىملىرى — ماركسىزم- لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچىلىكىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت كۆز قارىشىنى تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچى قىلىشى لازىم. ئەدەبىيات- سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە تەتقىقاتىدا ماركسىزم- لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشتىكى مەقسەت — ئەدەبىيات- سەنئەت خادىملىرىنىڭ تۇرمۇشنى تونۇش، ئانالىز قىلىش، ھادىسىدىن ئۆتۈپ، شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنى ئەلا ياخشى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەيدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات- سەنئەتتە چەزمەن ماركسىزم- لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەككى، ھەرگىزمۇ يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە كۆپ خىللاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىب قىلغۇچىلار ماركسىزم- لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات- سەنئەتتىكى يېتەكچىلىك رولىنى ئىنكار قىلغاندا، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزغا بولغان يېتەكچىلىك رولىنى ئىنكار قىلىش، ھەتتا ئەسەبىيلەرچە ھۇجۇم قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كەلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6- ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»دا، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىشنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى تولۇق بايان قىلىنغان.

يولداش ماۋزېدۇڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغان ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىيەت جەريانىدا، ماركسىزم- لېنىنىزملىق ئىلمىي پرىنسىپنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن چىڭ بىرلەشتۈردى، شۇنداقلا، ماركسىزم- لېنىنىزملىق دۇنيا قاراش ۋە ئەدەبىيات- سەنئەت كۆز قارىشىنى جۇڭگو ئىنقىلابى ئەدەبىيات- سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈردى.

ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات- سەنئەت ئىدىيىسى - ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ماركسىزم- لېنىنىزمنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى ئەدەبىيات- سەنئەت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، جۇڭگونىڭ يېڭى ئەدەبىيات- سەنئەت ھەرىكىتىدىكى باي تەجرىبىلەرنىڭ ئىلمىي يەكۈنى، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتىكى كوللېكتىپ ئەقىل- پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى.

يولداش ماۋزېدۇڭ ئالا شىڭگىتەيى شەكلىنى ئالغان ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، بولۇپمۇ پرولېتارىيات ئەدەبىيات- سەنئىتىنىڭ خاراكتېرى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى، خەلق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر

www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىنى، ئەدەبىيات- سەنئەت خادىملىرىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىشىش يولىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ئەدەبىيات- سەنئەت بىلەن خەلقنىڭ، ئەدەبىيات- سەنئەت بىلەن ئىنقىلابنىڭ، ئەدەبىيات- سەنئەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى تەنقىدىي قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، ئەدەبىيات- سەنئەت خىزمىتىدە ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈش، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تىپىكلاشتۇرۇش مەسىلىسى قاتارلىق بىر قاتار پرىنسىپال مەسىلىلەرنى يېشىپ بەردى.

ئازادلىقتىن كېيىن «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس- بەستە سايراش»، «قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى يارىتىش» قاتارلىق مۇھىم سىياسەت- فاڭجېنلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، يولداش ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ پرىنسىپلار تامامەن توغرا، ئۆتمۈشتىمۇ، ھازىرمۇ، جۈملىدىن، كېلەچەكتىمۇ ئېلىمىز ئەدەبىيات- سەنئىتىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرى ئىچىدە تازا ئىلمىي بولمىغان، تازا توغرا بولمىغان كۆز قاراشلارمۇ مەۋجۇت. بۇ بىر تەرەپلىمە كۆز قاراش ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى، ئەدەبىيات- سەنئەت ساھەسىدىكى زىيالىيلار قوشۇنىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلار بىزنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا بەزىبىر يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلغانىدى.

پارتىيىمىزنىڭ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىدىكى تەۋرەنمەس يېتەكچىلىك رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنىمۇ تۈزەتتى. پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت سىياسىتى ۋە زىيالىيلار سىياسىتىنى تەكشۈرۈپ، ئىككى سەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيەۋى كۈرەشنى توغرا قانات يايدۇرۇپ، «تۆت ئاساسىي پرىنسىپ»تا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتتى ۋە ياخشىلىدى. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ مەدەنىيەت- سەنئەت ئىشلىرىمىز ئۇزۇن مۇددەت مۇقىم تەرەققىيات ئىزىغا چۈشۈپ، ئەڭ جانلانغان، گۈللەنگەن يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى.

ماركسىزم- لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات- سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تەكىتلىگەندە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت خىزمىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ماركسىزم- لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات- سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى دەپ قاراپ، ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز ۋە خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچى قىلىشىمىز لازىم.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىدىيىسى ئىچىگە ئەدەبىيات- سەنئەت كۆز قارىشىمۇ سىڭگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزم- لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تۈپ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تارىخىي تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، بەزى مۇھىم مەسىلىلەردە ماركسىزم- لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات- سەنئەت ئىدىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى ۋە چوڭقۇرلاشتۇردى. مەسىلەن، «خەلق ئەدەبىيات- سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانىسى»،

«خەلق سەنئىتىگە مۇھتاج، سەنئەت خەلققە تېخىمۇ مۇھتاج» دېگەن كۆز قاراش يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. «ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن، پرولېتارىيات سىياسىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك» دېگەن شوئارنىڭ ئورنىغا «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي بۇرچىنى تېخىمۇ توغرا ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىلمىي يولغا سېلىپ بەردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىر قاتار يېتەكچى خاراكتېردىكى پىكىرلىرى ئۇنىڭ «جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4-قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن تەبرىك سۆز»دە تولۇق بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ «سۆز» يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىمىزدە پروگراممىلىق خاراكتېرلىك مۇھىم ھۆججەت.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتتە نېمە ئۈچۈن چوقۇم ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك؟ بۇ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت— سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ئاساسىغا تىكلەنگەن يېڭى تىپتىكى ئېستېتىكا سىستېمىسى. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت — ۋەتەنپەرۋەرلىك، دېموكراتىزملىق، كىشىلىككە ساغلام، دەم ئېلىش ھوزۇرى بېغىشلايدىغان كەڭ مەزمۇندىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن، يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى، يادرولۇق رول ئوينايدىغىنى يەنىلا سوتسىيالىستىك مەزمۇندىكى ئەدەبىيات-سەنئەت. سوتسىيالىستىك ئىدىيە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ جان تومۇرى. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت — پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۇستۇرۇش، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە تولۇقلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش قاتارلىق مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتتە چوقۇم ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇ بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ توپ يۆنىلىشى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان زور مەسىلە.

پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنى ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك ۋەزىپە-لەرنى ئورۇنداش تەلىپى بويىچە، مەدەنىيەت-سەنئەت خىزمىتىدە ھەم بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، ھەم تىرىشىپ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش لازىم.

ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى — بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورالى، شۇنداقلا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، مەدەنىيەت-سەنئەت خىزمىتىنى گۈللەندۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، مەدەنىيەت-سەنئەت خادىملىرى ئىچىدە ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى توغرىسىدا قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ، نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددىي ۋەزىپە.






## مۇھەممەت باغراش

قەدىرلىك ئوقۇرمەن: ئەدەبىيات جۈملىدىن، بىر پارچە يېزىلما — تەسەۋۋۇرنىڭ — قاناتلىق تەپەككۇرنىڭ بىپايان بوشلۇقىدۇر. پەقەت چەكسىزلىكلا مۇشۇ بوشلۇقنىڭ بەلگىسىكى، ئۇ ھېچقانداق گېئومېترىك شەكىلگە ئىگە ئەمەس. بۇ بوشلۇقتا ئاپتور ئۆزىنىڭ جىمى خىياللىرىنى قىلدىيالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋە ئەڭ مۇھىمى شۇ بوشلۇقتا زوقمەن بولغان ھەر بىر ئوقۇرمەن ھەم ئۆزى ئىختىيار قىلـ انمىقياس، كۆلەم ۋە چوڭقۇرلۇقتا ئەنە شۇ بوشلۇقتا ھۆكۈمران بولالايدۇ. بۇ، قەدىمدىن شۇنداق بولۇپ كەلگەن — گەرچە كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا رومان، پوۋېست، ھېكايە، باللادا ئاتالمىش يېزىلما تۈرلىرى يوقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئىش يۈزىدە مانا بۇ تۈرلەر چۆچەك، قىسسە، داستان، ئەپسانە، رىۋايەت، ۋەھاكازالار ئاتالمىسىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن ئۇلپەتلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. «جىنايەت ۋە جازا» ئەنە شۇ جۈملىدىكى بىر بوشلۇقتىن ئىبارەت. ئۇنىڭغا زوقمەن بولغان ئوقۇرمەن ئۆز رايى — ئىختىيارىچە ھۆكۈمران بولالايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزى خالىغان تۈر نامىنى — پوۋېست، قىسسە، چۆچەك ... ۋەھاكازالاردىن خالىغىنىنى قويۇۋالسا بولۇۋېرىدۇ ... بۇ يېزىلما — تېما، قۇرۇلما، تىل، پىكىر، شەكىل جۈملىسىدىن ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىگە سوۋغا قىلىنغان بىر بوشلۇق، خالاس.

— ئاپتور

ماشىنا، ئىرىمىدىن ئاشۇرۇپ بېسىۋېتىلگەن يولنىڭ ئاستىدا ھالىدىن كەتكەن قېرى ئاتتەك پۇشۇلداپ، ھاسىراپ، ئىنجىقلاپ

ئاران كېتىۋاتىدۇ. گازنى «قولاقچە» باسقان بولسىمۇ ماشىنىنىڭ پۈتۈن تېزلىكى پەقەت مۇشۇلا بولغاچ، ئىنچى تەت - تەت بولغان شوپۇر، خۇددى قىرچاڭغۇ ۋە ئايغى كال ئاتنى دىۋىتىپ كېتىۋاتقان يولۇچىدەك، گازنى يەنىمۇ كۈچەپرەك بېسىپ رولنى مەھكەم قاماللىغىنىچە سىيدىنلىكتىن قوزغىلىپ ئالدىغا (دىۋىنىپ - دىۋىنىپ قويىدۇ. شوپۇرنىڭ بۇنداق چىدامسىزلارچە ئۇرۇنۇشىغا ئەبجىغى چىقىپ ئەسكى ھالەتتەك غىچىرلاپ قالغان بۇ ماشىنا پات - پات بوغۇلۇپ «يۆتىلىپ» قويۇشى ئارقىلىق جاۋاب بېرىدۇ.

بۇ ماشىنىدىن شوپۇر زېرىككەن، مۇشۇنداق ماشىنا بولۇپ يارىلىپ قالغىنىدىن ماشىنىمۇ زېرىككەن.

مەنزىل بەك يىراق، يوللار بەك ئۇزۇن، بەكمۇ ئۇزۇن، خىيالنى ھاردۇرغىدەك ئۇزۇن...

تاشيول، ئاسماننىڭ كۆلەڭگىسىدەك قارىيىپ ياتقان ئاشۇ تاغنىڭ ئىشتانبېغىدەك، قاقاس، قوڭۇرەڭ قامەتلىك چوققىلارنىڭ بېلىگە يۆگىشىپ ياتىدۇ. بۇ تاغنىڭ نەدىن باشلىنىپ قەيەردە ئۈزۈلىدىغىنىنى شوپۇر بىلمەيدۇ، يولنىڭ نەگە بېرىپ توختىشىنى ھەم... چۈنكى بۇ يول بەك ئۇزۇن، بەكمۇ ئۇزۇن بولغاچ شوپۇر بۇ يوللارنىڭ تۇرغۇچىغا بېرىپ باققىنى يوق ھەم بارالامدىكىن؟ قەشقەر چېلىشچىسىنىڭ بەلبېغىدەك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بېلىگە يۆگىلىپ تۇرغان ئاشۇ ئۇيقۇچان تەڭرىتاغلىرىنى بويلاپ، ئوتلۇق قۇياشنىڭ ھارارىتىدىن قاغجىراپ، ئۆلگىدەك ياتقان تاقىر، غىلتاڭ، نامرات، قۇرغاق، ھارغىن زېمىننىڭ قارنىدا چۇمۇلىدەك توختىماي ئۈچ كۈندىن بۇيان ئۆمىلەپ - قىمىرلاپ كېتىۋاتقان بۇ ماشىنا تېخىچە مەنزىلگە يەتكىنى يوق!

جاپاكەش، بىپايان قەھرى زېمىن؛ مىڭبىر كېچە ئەپسانىسىدەك ئايغى چىقماس ئۇزۇن يول...... خىيالدىنمۇ، ئەسلىمىدىنمۇ ئۇزۇن....

شوپۇر كابىنكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بوش ئورۇنغا قاراپ قويىدۇ. ئۇ يەردە ئادەم يوق، ئۈچ كۈندىن بۇيان بوش تۇرىدۇ. شوپۇر يالغۇز، بىر ئۆزىلا......

50 - يىللاردا كىرگۈزۈلگەن ئورۇسنىڭ «زىس»ى، ئەمدى ماگدامدا بىر كوچىلاپ تۇرمىسا يېتىۋالىدىغان بولۇۋالغانىدى.

— ئاماكا چېكەمسىز ئۇستام؟

— . . . . . . .

— ھارغانسىز - ھە!؟

— ھازىر ماڭامسىز؟

شوپۇر كاپوتنىڭ ئاستىدىن بېشىنى چىقاردى. جانسىز چاچلىرى توقۇمداپ كەتكەن، بىر كۆزى ئەلەس، ياداڭغۇ چىرايىدا بىر خىل بوشاڭلىق، بىچارىلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىپىلداپ قالغان، چۆلنىڭ شامىلىدىن لەۋلىرى، قوللىرى شورداپ يېرىلغان، ئۈستىگە ئاقىرىپ ئۆڭۈپ كەتكەن «چوپان» چاپىنى ۋە «چوپان» ئىشتىنىنى كىيىۋالغان، ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت قاراپ تۇراتتى.

— ھە... ماڭىمەن، — شوپۇر قويۇق قارا قاشلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۇنىڭغا كۆلىيىپ قاراپ قويىدى. ئۇ، ھېچ سەۋەبسىزلا بۇ يىگىتنى ئۆچ كۆرۈپ قالغانىدى: شوپۇر كۇلۇچلىرىنى يىغىشتۇردى.

— خوتۇن ئالغىلى باراتتىم، مېنى ئالغاچ كەتسىڭىز...

شوپۇر ئىشىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا تىكىلدى. يىگىتنىڭ چىرايىدا بېزەڭلىك قېتىپ قالغانىدى.

— نېمە ئالغىلى؟ — شوپۇر قاشلىرىنى كۆتۈرۈپ سورىدى.

— خوتۇن ئالغىلى...

— ئېشەك ئالغىلى دېگىنە...

يىگىت ھولۇقتى، كېيىن ئۇنىڭ يۈزلىرى

www.uyghurkitap.com

سەل يۇمشاپ سەتكەنگە ھەجايدى.

— ياقەي ئۇستام... ئېشەكنىمۇ خوتۇن قىلىشقا ئالامدۇ؟...

— ئەمىسە خوتۇنىنىمۇ ئالامدۇ؟ ئېشەك بولمىسا ئۇ بازارغا بېرىپ سېتىپ ئالمىدىغان، «ئۆيلەنگىلى» ياكى «توي قىلغىلى بارىتتىم» دېمەمسەن؟ ...

— ئوخشاش ...، — يىگىت ئېرەڭسىزلىك بىلەن بۇرنىنى تارتىپ قويدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆزى شوپۇرنىڭ چىرايىغا چۈشتى-دە، دەررۇ سۆزىنى تۈزەتتى، — ھە... ياق... ماقۇل شۇنداق دەي...

ئۇ شۇ دەرىجىدە خۇشامەتكۆي ئىدى.

چوپچوڭلا يىگىت - ھە؟!...

يەنە شۇ تاغ، يەنە شۇ يول. ماشىنا خۇددى بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك غىڭشىپ ئارانلا كېتىۋاتىدۇ. ئۇدۇلدىن بىر ماشىنا كۆلدۈرلەپ چۈشۈپ كېلىۋېدى، شوپۇر ماشىنىنى سەل چەتكە تارتتى. بايىقى ماشىنا ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ ماشىنىنىڭ چاقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان شوپۇرنىڭ كابىنىكىسىغا شۇڭغۇپ كىردى. ئۇنىڭ بۇرنى ئېچىشىپ كەتتى، ئۇ قاتتىق چۈشكۈرەتتى، كابىنىكىنىڭ ئىچى توزانغا تولۇشقانىدى، يولنىمۇ كۆرۈش قىيىن ئىدى. ئۇ سۈرئەتنى ئاستىلاتتى، يېنىغا قارىدى. كابىنكىدا بوش، ئۆزى تەنھا ئىدى. ئەيىنەكنى تۇسۇۋالغان چاڭ - توزان سۈزۈلدى. شوپۇر گازنى باستى. ماشىنا يەنە ئىلگىرىكىدەك غىڭشىپ تېزلەشتى. يول ئۇزۇن. ماشىنا جۇۋازچىنىڭ قېرى كالىسىدەك ئالدىرىماي، تىنىمەي بىر خىلدا غۇيۇلدۇپ كېتىۋاتاتتى.

— چىققە ماشىنىغا!

ئەلەس يىگىت شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغانىدى، ئۇ پالاقلاپ يۈگۈرۈپ كابىنىكىغا چىقتى. شوپۇر ماشىنىنى قوزغىدى.

ھاۋا تىنجىق ئىدى. ساي يولىنىڭ يۈزىدىكى قارامايى ئېرىپ، مىچىلداشقا باشلىدى.

— سەن ئۇيغۇرمۇ؟ — شوپۇر سورىدى. چۈنكى باياتىدىن بېرى شوپۇر ئەلەس يىگىتنىڭ گەپ - سۆزىنىڭ تەلەپپۇزى ۋە ئاھاڭىدىن بىر خامۇشلۇقنى ئاشكارا ھېس قىلغانىدى. خۇددى ئانا تىلىنى يېڭى ئۆگەنچىدەك.

— ئورغۇي. ئورغۇي دەيدىغۇ؟

يىگىت بىپەرۋالىق بىلەن جاۋاب بەردى. ئۇ لېۋىگە «كېنت» تاماكىسىنى قىستۇرۇۋالغانىدى. بۇ چەتئەل تاماكىسى مۇشۇ كۈنلەردە «چوپان» ئىشتىنىغا ئوخشاشلا مودا ئىدى.

— ئاتا - ئاناڭ بارمۇ؟

— ئاتام يوق، ئاپام بار... ئاپاممۇ ئاغرىپ، ياتقىنى - ياتقان...

نېمىشقىدۇر ئەلەس ماشىنىغا چىققىچىلا ھاكاۋۇرلىشىۋالغانىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا بايىقى خۇشامەتكۆيلۈكتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ، شوپۇرنىڭ سوئالىغا خۇشياقمىغاندەك ئەزمىلىك بىلەن جاۋاب بەردى.

«تازا يولسىز نوقانچى ئىكەن - دە!» ئويلىدى شوپۇر «بىر بۇغدايدا سەمرىپ، بىر بۇغدايدا ئورۇقلايدىغان...»

— ئاپاڭنىڭ ئىسمى نېمە؟

ئەلەس تاماكىسىنى ئاغزىدىن ئالماي جاۋاب بەردى:

— پاشا...خان.

— ئاپاڭنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىكەنسەن - دە!

— بىلىمەن. پاشاخان دېدىمغۇ.

ئەلەس سەل قىزىشقاندەك سۆزلەرنى كۈچەپرەك تەلەپپۇز قىلدى.

— ياق، سېنىڭ ئاپاڭنىڭ ئىسمى شاپاخان...

ئەلەس يىگىت «لاپپىدە» شوپۇرغا قارىدى.

— راست ئېيتىۋاتىمەن.

ئەلەس يىگىت شۈبھە، يارىتماسلىق نەزەرىدە شوپۇرغا تىكىلدى.

— سەن ئاپاڭنىڭ ئىسمىنى بىلمەمەن

دەيسەڭ، نېمىشقا ئۆزۈڭنى «ئورغۇي» دەيسەن؟

— ئورغۇي دېمەي نېمە دەيدۇ ئەمىسە؟ — دېدى ئەلەس قوپاللىق بىلەن. شوپۇر بىردىنلا قىزىشتى:

— ئۇي... غۇ... ر دېمەمسەن؟ «ئورغۇي» دېگىنىڭ «ئاپامنىڭ ئىسمى شاپاخان» دېگەن بىلەن ئوخشاش، بىلدىڭمۇ؟ سېنى تۇغقان ئاناڭنىڭ ئىسمىنى تولۇق ئاتىيالمايۋاتساڭ سېنىڭ نەرىڭ ئادەم؟

...— ئوخشاش... ئورغۇيمۇ، ئۇيغۇرمۇ كارىم نېمە؟ — دېدى ئەلەس كىشىنى ئۆرتىگۈدەك بىپەرۋالىق ئىچىدە.

— ئوخشاش ئەمەس!!!

شوپۇر غەزەپ بىلەن ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ، يۈز - كۆزى ئوتقا قاقلىغاندەك قىزىرىپ ئېچىلگەنىدى. ئەلەس يىگىت «دىڭگىدە» چۆچۈپ كەتتى ۋە شوپۇرنىڭ ئەلپازىغا قاراپ قورققىنىدىن كابىنكىنىڭ بۇلۇڭىغا تىقىلدى.

— ئىت جېنىدا ئۆزىنىڭ ئىت نەسلى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. «ئورغۇي» دەي... دى... غۇ...» دەيسىنا؟ — شوپۇر ئەلەسنى دوراپ مەسخىرىۋازلارچە ئاغزىنى قىيسايتىپ ھەر بىر سۆزنى دانە - دانە قىلىپ كېلىدىن چىقاردى. ئۇنىڭ گەپ قىلغاندىكى قىياپىتى ۋە ئاھاڭىدىن زەھەر تاماتتى، - سەن ئادەم تۇرۇپ ئۆزۈڭنىڭ كىمىنىڭ نەسلى ئىكەنلىكىنى بىلمىسەڭ، ئۇنى ئەينى ئاتىيالمىساڭ ئىتتىنمۇ پەس بولماسەن! ئىتنىڭ تىلى بولغىنىدا ئىدى، «مەن ئىتمەن» دېگىنىنى سەن «مەن ئورغۇي» دېگىنىڭدىن توغرىراق ۋە ياخشىراق دېيەلىگەن بولاتتى. سەن ئىتتىنمۇ پەس نېمىكەنسەن!

— شۇنداق... مەن ئىتمەن،... — ئەلەس يىگىت قورققىنىدىن ئالدىراپ دۇدۇقلىدى.

— ياق! سەن ئىتتىنمۇ پەس! — شوپۇر ئۇنى ئۈرۈۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا چالۋاقىدى.

— شۇ... شۇ... شۇنداق، ئىتتىنمۇ پاكار...، — خورلانغان ئەلەس، شوپۇرنىڭ رولدىكى تومۇرلىرى كۆپۈپ قانسىزلىنىۋاتقان قوللىرىغا قورقۇمسىراپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭدىكى بايىقى كۆرەڭلىك يوقىلىپ، شۇ تاپتا ئۇ تېكىدىن چىققان چۈشەنچىدەك شۈمشىيىپ كەتكەنىدى.

ماشىنا پات - پات «يۆتىلىپ» تۇراتتى. شوپۇر تاغ ئارىسىدىن چىقىۋالغىچە ماشىنىنىڭ ئاۋارە قىلىپ قويۇشىدىن ۋاھىمە يەپ قالدى. ئۇ، كابىنكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بوش ئورۇنغا يوقسىنغاندەك قاراپ قويدى. ئۇ يەر بوش ئىدى. بىرەر ئادەم بولسىدى، ماشىنا چاتاق قىلىپ قالسىمۇ ئۇنچە ئالدىراپ قالمايتتى. ئۆزى تەنھا... قانداق قىلار ئىكەن؟ ماشىنا زورۇقۇپ - زورۇقۇپ كېتىۋاتىدۇ...

شوپۇر بىر قولىنى رولدىن بوشىتىپ يانچۇقىدىن تاماكا قەغىزىنى چىقاردى، ئاندىن رولنى يولغا توغرىلىۋېلىپ، يەنە بىر قولىنىمۇ رولدىن بوشىتىپ، ناھايىتى تېزلىكتە موخوركا ئورىۋالدى. ئەلەس يىگىت شوپۇرنىڭ رولنى قويۇۋەتكىنىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن كارامىنىڭ ئۇتقىسىغا مەھكەم يېپىشىۋالدى. شوپۇر تاماكىنى لېۋىگە قىستۇرۇپ رولنى تۇتتى. شۇ چاغدىلا ئەلەس يىگىتنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى. ئۇ ئالمان-تالمان سەرەڭگىسىنى چىقىرىپ، شوپۇرغا ئوت يېقىپ بەردى. شوپۇر ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ ئۆزىنىڭ يانچۇقىدىن قولۇپ چاقماقنى چىقىرىپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى ۋە كۈچەپ شورىدى.

— تويلىشىدىغان قىزىڭ چىرايلىقمۇ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى مۇلايىم چىقتى. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ مۇسكۇلىمۇ بوشىغانىدى.

ئۇيغۇر موخوركىسى! شوپۇر تاماكىسى، ئوتقا سۇ سېپىدۇ، يامانغا يولۇكەن سالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

غەزىپىنى، نەپرىتىنى، ئاچچىقىنى، ئەلەمىنى دەررۇ باستى. خۇددى قارا يامغۇر يانغىننى ئۆچۈرگەندەك، تازا شوراپ تارتقىنىڭدا ئۆپكەڭگە «گۈپ» قىلىپ تېگىدۇ ۋە بىر خىل مەززىلىك، خۇش پۇراق ئاستا - ئاستا مېڭەڭگە ئۆرلەپ، سېنى بىر خۇش خۇيلۇق ئىچىدە لەيلىتىپ قويىدۇ. ئەلەسنىڭ كۆڭلى ئارامغا چۈشتى. ئۇ يەڭگىل تىنىۋالدى.

— چىرايلىق - سەت بىلەن چاتىقىم يوق. ئېلىپ بېرىمەن دېدى، «ھە-ە» دېدىم. «ئېلىپ بەرمەيمەن» دېسە ئالمايمەن...

— كىم ئېلىپ بېرىمەن دەيدۇ؟

— ئاپامچۇ...

ئەمدى كابىنكىدىكى كەيپىيات يۇمشاپ، ئىللىپ قالغاندەك بولدى.

ماشىنا ئاخىرى داۋانغا ئۇلاشتى. شوپۇر ماشىنىنى خالاستوي قىلىپ پەسكە قارىتىپ قويۇۋەتتى. ماشىنا يەر تۆۋىنىگە قاراپ ئۇچقاندەك شۇڭغۇيتتى. چاق كۆڭۈللۈك ۋىشىلدايتتى. دېرىزە كۆزنىكىدىن سالقىن شامال ئۇرۇشقا باشلىدى...

«خۇداغا شۈكرى» ماشىنا چاتاقمۇ سالمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى شوپۇر، كابىنكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئادەمسىز بوش ئورۇنغا «لىپپىدە» قاراپ قويۇپ.

— ئۇستام شەھەرگە ئاز قالدۇق، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ چاي - پاي ئىچىپ ئاندىن ماڭامسىز؟

— ئاپام ئاغرىق دېمىدىڭمۇ؟

— ياق، بىزنىڭ ئۆيگە ئەمەس، مەن توي قىلىدىغان قىزنىڭ ئۆيىگە، بىزنىڭ ئۆينىڭ يېنىدىلا، تام قوشنا.

— مەيلى...

ئاخىرى شەھەرنىڭ بىنالىرى كۆرۈندى. شوپۇر ماشىنىنى ئاستىلاتتى.

— ئوڭ تەرەپكە.

— ھە... ئەمدى بۇياققا.

— ئاشۇ كۆرۈنگەن دەرەخلىك مەھەللە...

— مانا كېلىپ قالدۇق.

شوپۇر دەل - دەرەخ بىلەن چۆمكەلگەن بىر قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ماشىنىنى توختاتتى. يىگىت ماشىنىدىن چۈشتى - دە، قورۇغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. شوپۇر ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئادىتى بويىچە چاقلارنى تۈرۈپ، ماشىنىنىڭ ئاستىغا بويۇنداپ قاراپ قويدى.

ماشىنا كۆلدۈرلەپ كېتىۋاتىدۇ. تاغ شامىلى شوپۇرنىڭ چاچلىرىنى ئۇچۇرىدۇ... داۋاندىن چۈشكەنسېرى يول يۈزى تېخىمۇ ئوساللاشقىلى تۇردى. لېكىن ماشىنا ئېغىر ۋە سۈرئىتى تېز بولغاچقا، ئانچە سىلكىنىپ كەتمەيدى. چاقنىڭ ئاستىدىن كېلىدىغان كۆڭۈللۈك شىرقىراش ئەمدى خۇددى تۈگمەن كولىسىغا چۈشكەن سۇنىڭ شارقىرىشىدەك شارقىراشقا ئايلانغانىدى.

- ۋاي كەلسىلە، كەلسىلە، ئۆزلىرىگە قۇللۇق غوجام...

شوپۇر ماشىنىنىڭ تەكتىدىن بېشىنى چىقاردى. ئۇنىڭ ئالدىدا 50 نەچچە ياشلارغا كىرىپ قالغان، ئېگىز بويلۇق، قاتاڭغۇ، لېكىن كېلىشكەن بىر ئايال قول باغلاپ تۇراتتى. ئايالنىڭ چاچلىرى قاپقارا بولۇپ، بىرەر تالمۇ ئاق يوق ئىدى. ئەلەس يىگىت تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ ئۇ ئايالنىڭ ئارقىسىدا شوپۇرغا قاراپ تۇراتتى. شوپۇر جاۋاب سالام قىلدى. ئايال پۈكۈلۈپ تۇرۇپ ئىلىك ئالدى.

— قېنى غوجام، ئۆيگە مەرھەمەت قىلسىلا...

شوپۇر قولىدىكى ئاق پەلەينى يانچۇقىغا سالدى ۋە ھېلىقى ئەلەسنىڭ باشلىشىدا قورۇغا كىردى. قورۇدا ئالتە - يەتتە ئېغىز ئۆي باردەك قىلاتتى. لېكىن ھەممە ئۆينىڭ تاملىرىنىڭ ساق يېرى قالمىغانىدى. تاملار باشتىن بويىغا قوشقاچ ئۇۋىسىدەك

تۆشۈكلەر بىلەن تولغانىدى، تاملارلا ئەمەس، قورۇ، يەر، تونۇر، يازلىق ئوچاق، ئىشىكلىمۇ ھەممە يەر نېمىشقىدۇر قول پاتقىدەك چوڭلۇقتا كولانغانىدى. شوپۇر بۇنىڭ تەكتىنى ئويلىغۇلاي دېگۈچە بايىقى ئايال شوپۇرنى ئالدىراتتى:

— قېنى، مەرھەممەت غوجام، مۇنۇ ئىشىكتىن... ماۋۇ ئۆيگە...

ئەلەس بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. شوپۇر ئۆيگە كىردى-دە، ھاڭ-تاڭ قالدى. ئۆي ياسىداق ۋە خېلى چوڭ سېلىنغانىدى. گىلەملەر سېلىنغان سۇپىنىڭ تۆۋىدە بىر يىگىت ئېشەكچىلەپ تۆت ئاياغلىق بولۇپ تۇراتتى. شوپۇر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ يا يېقى يىگىتكە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— قېنى غوجام، سۇپىغا چىقسىلا، قېنى، مەرھەممەت...

شوپۇر ئاران ئۆزىگە كېلىپ، تامغا سۆيىلىنىپ تۇرۇپ سۇپىغا چىقىشقا تەمشەلدى.

— ياق غوجام، بۇ تەرەپ بىلەن. ماۋۇ ئوغۇلچاقنىڭ دۈمبىسىگە دەسسەپ چىقسىلا،...— ئايال دەررۇ شوپۇرنى توستى.

— نېمە؟ دۈمبىسىگە ...؟ — شوپۇر ھاڭ-تاڭ قالدى.

— شۇنداق، غوجام، بۇ، بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ رەسمىمىز، ئۆيىمىزگە ئاياغ باسقان ھەر قانداق مېھمان مۇشۇ ئوغۇلنىڭ دۈمبىسىگە دەسسەپ سۇپىغا چىقىدۇ، مۇبادا بىر-ئىككى مېھمان بولۇپ قالسا، بولۇپمۇ يېشى چوڭراق مېھمان كەلسە، مېنىڭ دۈمبەمگە دەسسەپ چىقىدۇ. قارىسام، سىلى ياش يىگىت ئىكەنلا (ياش دېسەم كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، ياش بولسىلىمۇ ئۇلۇغ سىلە)! بىزنىڭ رەسمىمىز بويىچە مۇشۇ ئوغۇلچاقنىڭ دۈمبىسىگە مەرھەممەت قىلسىلا...

شوپۇرنىڭ كۆزى قېتىپ قالدى.

— ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئادەم تۇرسا، ياكى كۆسا ئورۇندۇق بولمىسا ئۇنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ چىقىدىغانغا...

— كەچۈرسىلە ئۇلۇغ مېھمان، دادىسى ئۆيدىن كەتكەندىن بېرى، بىزنىڭ ئائىلىمىزدە مۇشۇ ئىش قائىدە بولۇپ قالدى. سېلىنىڭ مۇبارەك ئاياغلىرىنىڭ چاڭ-توزانى ئۆيىمىزگە بايلىق ئېلىپ كېلىدۇ. شۇ چاڭ-توزانلار بىزگە قونسا بىز ئۈچۈن شەرەپ. ئاياغلىرىدىن ئەگىمىزگە يۇققان چاڭ-توزان بىز ئۈچۈن تۇتىيا. سىلى بىزنى بۇ بەختتىن، مۇشۇ قىممەتلىك پۇرسەتتىن مەھرۇم قىلماسلىقلىرىنى ئۆتۈنىمىلىك بىلەن ئۆتۈنىمىز ... — ئايال يىغلامسىرىدى،— چۈنكى سىلى بىزگە مېھمان ئەمەسمۇ؟!...— ئۇ قول قوشتۇرۇپ بېشىنى ئەگدى.

— ياق، خاپا بولمىسىلا، مەن قاراپ تۇرۇپ بىر ئادەمنىڭ دۈمبىسىگە خۇددى ئەسكى پالازنى دەسسىگەندەك دەسسىيەلمەيمەن،— شوپۇر كەسكىن رەت قىلدى.

— بىز سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا ئەسكى پالازدىنمۇ ئېتىبارسىزمىز غوجام، ھەرگىز تەڭقىس بولمىسىلا.

— ياق، مەن مۇشۇ يەر بىلەن چىقاي...— شوپۇر سۇپىنىڭ تامغا تېگىشكەن يېرىگە قاراپ ماڭدى.

— ھۆ ... ھۆ...، — شۇ چاقىچە تىنۇت پۈتلۈق بولۇپ تۇرغان يىگىت بىردىنلا ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى.

شوپۇر چۆچۈپ جايىدا توختاپ، ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ، 20 — 21 ياشلاردىكى چوپچوڭلا يىگىت ئىدى. ناھايىتى كەلسە شوپۇردىن بىر-ئىككى ياشلا كىچىكتەك قىلاتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ يوغانلا ئەر ئىكەنلىكىگە قارىماي، پۈتۈن قورۇنى بېشىغا كىيىپ، كالىدەك ھۆكۈرەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يىغىسى شۇنچىلىك ئايانچلىق ۋە تەسىرلىك ئىدىكى، ھېچكىممۇ ئۇنى يالغان يىغلاۋاتىدۇ، دەپ

ئويلىمايتتى.

— مانا كۆردىڭمۇ غوجام، بۇ ئوغۇل: «مېھمانىنى ئۇمىيەمگە دەپسەتەلىمەيدىم» دەپ يىغلاۋاتىدۇ. ئەمدى كەچكىچە غىزا يېيەلمەيدۇ، كۆڭلى بەك يېرىم بولىدۇ. ئۇنداق قىلماي بىر ئىلتىپات قىلىسىلا غوجام. ئاياغلىرىغا يىقىلاي غوجام، سىلىگە قۇللۇق غوجام، قۇللۇق ...— ئايال چىن كۆڭلىدىن يېلىنىۋاتاتتى.

شوپۇر يىگىت ئاخىرى ئارىسالدى بولۇپ قالدى. بىردەم نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئىلاجسىز يىغلاۋاتقان يىگىت تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇنى كۆرۈپ ئۇ يىگىت دەررۇ تۈپتۈز بولۇپ تىزلاندى. ئۇنىڭ چىرايىغا بىردىنلا كۈلكە ئولاشتى. ئۇ خۇشال بولغانىدى. شوپۇر يىگىت ئىنتايىن تەسلىكتە بىر ئايغىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆمىيىسىگە قويدى ۋە بىلىنەر - بىلىنمەس دەپسەپ، سۈپىغا ئەپچىلىك بىلەن چىقىۋالدى.

— بەكرەكمۇ دەپسەمەيدىكەن بۇ غوجام ... — دەپ غودۇڭشىدى ھېلىقى يىگىت نارازى بولۇپ. ئارقىدىن بۇ ئۆيىنىڭ كېيىنسى بولمىش ئەلەس يىگىت، ئۇنىڭ ئۆمىيىسىگە خۇددى پەشتاقتا دەپسىگەندەك ئىككى پۇتىنى بىردىنىڭ ئارقىسىدىن بىردىنى قويۇپ دەپسەپ چىقتى ۋە ئالدىدىماي - تېنىمەي، بەخىرامان قىياپەتتە سۈپىغا چىقتى.

شوپۇر قائىدە بويىچە قىسقىغىنە پاتىھە بېرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئامانلىق سوردى. بىردەملىك ۋە ياندۇرۇشلانغان «خۇداغا شۈكرى»، «رەھمەت - ھەشقاللا» لاردىن كېيىن شوپۇر ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردى. ھېلىقى ئەلەس يىگىت بولسا، شوپۇر يىگىتنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنى ئۇنچە قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، شوپۇرغا ھاڭۋېقىپ قارىغىنىچە ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويماي ئولتۇرۇۋەردى. ئايال دەررۇ ئۇلارنىڭ ئاستىغا ئېسىل دۇخاۋا كۆرپىلەرنى قاتار - قاتار سېلىۋەتتى.

يول بارغانسېرى تۈزلەڭگە سوزۇلىۋاتقاچقا، شوپۇرنىڭ تىت - تىتلىقى ھەسسىلەپ ئارتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ماشىنىنىڭ سۈرئىتى ئىلگىرىكىدىنمۇ ئاستا بىلىنىۋاتاتتى.

ئۇ بۇ قېتىم بارسا، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشىدۇ. ئۇ، شوپۇرنى قانچىلىك زارىقىپ كۈتۈۋاتىدىكىن؟ خۇما كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ، ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ ئىنتىزار چېكىۋاتامدىكىن؟ قانداقلا بولمىسۇن، قانچىلىك جاپالىق، قانچىلىك خەتەرلىك بولمىسۇن، ئۇ تاپشۇرغان ئىشلارنى بېجىرىشى، ئاندىن دەل ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىشى لازىم.

— ئەمدى ھاراق ئىچمەمسىز، — دېدى ئەلەس يىگىت بىر ھازىغىچە بېشىنى كۆتۈرمەي داستىخاننى قۇرۇقدىغاندىن كېيىن، بولغۇسى قېيىن ئانىسىغا قاراپ.

— خوش غوجام، قۇللۇق، مالى ئوغلۇم، ھاراقنى ئەكىر، — دېدى ئايال بىر چەتتە قول باغلىغىنىچە مېھمانلارغا قاراپ سارىڭدەك ھېجىيىپ قاراپ تۇرغان بايىقى پەشتاق ئوغلىغا قاراپ. ئۇ يىگىت تولىمۇ كېلىشكەنىدى. «نەسلى پاكىزە خەق ئىكەن» دەپ ئويلىدى شوپۇر، ئۇ يىگىتنىڭ تۆكۈلۈپ تۇرغان قاش - كۆزلىرىگە سەپسېلىپ. بۇ يىگىت دەررۇ يۈگۈردى ۋە بىردەمدىلا ئىككى - ئۈچ بوتۇلكا ئاق جۇننى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئانىسىغا تۇتقۇزدى.

ماشىنىنىڭ سۈرئىتى بارغانسېرى ئىتتىكلەپ بارماقتىدى. يىگىت بىر ئەر خېيىم - خەتەردىن خەۋپسىرىگەندەك، تورمۇزنى ئېھتىيات بىلەن يەڭگىللىكىنە بېسىپ باقتى. تورمۇزنىڭ گاز بېسىمى خېلى تولۇق ئىدى. شوپۇر خاتىرجەم بولۇپ ماشىنىنى خالىغان تېزلىككە قويۇپ بەردى. ماشىنا قاپاق ھەرىدەك غوڭۇلداپ ئالدىغا تاشلاندى.

— مەن يول ماڭىمەن، ئىچمەيمەن، — شوپۇر

ئەلەس يىگىتنىڭ ئۆزىگە رومكا سۇنۇپ تۇرغان قولىنى ئەدەپ بىلەن ئىتتەردى.

ئەلەس، رومكىنى ئايالغا بېرىپ، يەنە بىر رومكىنى تولدۇرۇپ ئايالىنىڭ ئوغلىغا بەردى.

— خوش غوجام، — دېدى ئايال رومكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ. ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ تىرنىقى قوشنىڭ تىرنىقىدەك ئۇزۇن ۋە ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ تىرناقلاردا قان دىدارى كۆرۈنەتتى. ئايال ۋە ئۇنىڭ ئوغلى لىق تولدۇرۇلغان رومكىلارنى بىرلا «ئېتىپ» بوشاتتى.

شوپۇر كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئالامەتنى چۈشىنەلمەي چەكچەيگىنىچە قېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

ئەلەس يەنە قويدى. رومكىلار يەنە قۇرۇقدالدى. مۇشۇنداق قىلىپ بىردەمنىڭ ئىچىدە بىر بوتۇلكىدىن ئارتۇقراق هاراق ئىچىلىپ بولدى.

ئەلەس رومكىلارنى تولدۇرۇپ ھېلىقى ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىغا قاراپ دېدى:

— يەنە يېرىم رومكىدىن بېرەمەن، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بولدى.

— خوش غوجام، قۇللۇق، — ئىككىيلەن قول باغلاپ تۇرۇپ، تەڭلا جاۋاب بېرىشتى.

— قېنى ئاناڭغا ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى شوپۇر ئەلەسكە پىچىرلاپ دېگۈدەك.

— ھېچكىم مېنىڭ ئانام ئەمەس، — ئوللوك ئاۋازدا غودۇڭشىدى ئەلەس، — مەن ئۇنىڭ قىزىنى ئالىمەن، تەگسە ئالىمەن، تەگمىسە ئالمايمەن. مېنى، مېنى تۇغقان خوتۇنىنىمۇ «ئانا» دەپ باقمىدىم، بۇ خوتۇننى تېخىمۇ دېمەيمەن. . . — ئەلەسنىڭ تىلى كالۋالىشىشقا باشلىغانىدى.

— نېمىشقا ئۆز ئاناڭنىمۇ «ئانا» دېمەيسەن؟ ئۇ سېنى تۇغقان ۋە بېقىپ چوڭ قىلغانغۇ؟

— كىم ئۇنى تۇغسۇن دەپتىكەن؟ مەن: «مېنى تۇغ» دېمىگەندىكىن ئۆزىنىڭ ئىشى. . .

شوپۇر چۆچۈپ كەتتى. ئۇ، ئەلەسنىڭ ئەلەتىگە نەپرەت بىلەن تىكىلىپ بىر ھازىغىچە ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ئۆزىنى بېسىپ دېدى:

— ئۇيغۇرلار ئاتا - ئانىسىنى ھۆرمەت قىلىدۇ، چوڭلارنىڭ ئالدىدا ھاراق ئىچمەيدۇ، قېيىن ئانا بولغۇچىنى ئىززەتلەيدۇ. لېكىن سەن تەپتارتماي چوڭلارنى سەنلەيدىكەنسەن، ئاناڭنى ئانا دېمەيدىكەنسەن، ھەتتا قېيىن ئاناڭنى ھاراققا زورلايدىكەنسەن، ئۇيالمامسەن؟

— مەن ئۆزۈمنىڭ نېرىسىنى بىلمەيمەن، بىلىشنىمۇ خالىمايمەن. ئۆزۈمدىن باشقا چوڭى يوق، ھېچكىمنى تونۇمايمەن، ئۆزۈم چوڭ. . .

ئەمدى سۆز قىلىدىغان يېرى قالمىغانىدى. شوپۇر ئۈنچىقمىدى. ئىچكىۋازلىق قىزغىن داۋام قىلدى. ئەمدى ئۈچىنچى بوتۇلكا بىكارلىنىۋاتاتتى. ئەلەس يىگىتنىڭ قۇلىقى مىدىرلاشقا باشلىدى، بۇ ئۇنىڭ مەست بولغىنىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

شوپۇر ئالدىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئەمدى قاراماي يول باشلاندى. لېنتىدەك تار يول كۆمۈر تارتىدىغان رېلىسىدەك ئارقىسىغا چاپماقتا. ئەمدى تاغلار پەسىيىشكە باشلىدى. كېيىنكىسىگە كەڭرىساي باشلىناتتى. ماشىنا قاۋاندەك ھۆركىرەپ كېتىۋاتىدۇ.

شوپۇرنىڭ كۆزى بىردىنلا سۈپىنىڭ ئۇدۇلىدىكى شىرە ئۈستىگە تىزىلغان چىنە - قاچىلارغا چۈشۈپ قالدى. چىنە - قاچىلار بىر بىرىگە قاراپ سۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. دەسلەپتە شوپۇر: «كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلىدى. لېكىن تازا زەن سېلىۋېدى، چىنە - قاچىلارنىڭ راستىنلا بىر-بىرىگە قاراپ سۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئەمدى چىنە - قاچىلارلا ئەمەس، تامىنىڭ بۇلۇڭىدىكى لىققىدە سۇ ئېلىنغىلىق

چېلەكلەر ۋە سوپۇرگە - كورجەكلەر ئاستا - ئاستا، لېكىن قەتئىي ھەرىكەت بىلەن بىر-بىرىگە قاراپ سۈرۈلۈپ يېقىنلاشماقتىدى. شوپۇر دىمىنى ئىچىگە تارتقىنىچە چەكچىيىپ قاراپ قالدى. ئۈشتۈمتۈت داستىخاندىكى قوشۇق، چوكا، تەخسە، چىنە، رومكا، بوتۇلكىلارمۇ جانلىنىپ بىر - بىرىگە قاراپ سۈرۈلۈشكە باشلىدى.

ماشىنا سايغا ئۇلاشتى. بۇ يەر شۇ قەدەر ئىنجىق ئىدىكى، قىزىغان سايىنىڭ تەپتىدىن نەپەس سىقىلاتتى. يىراقتا ئالۋۇن چىمىرلايدۇ. ساراتان ئىسسىقى. شوپۇر كىمىدۇر بىرى ئاغزى - بۇرنىنى ئېتىۋالغاندەك تىنالماي قالدى. ئۇ، كابىنكىنىڭ ئالدى ئەينىكىنىمۇ ئېچىۋەتتى. كابىنكىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئوتلۇق بوران يۈپۈرۈلۈپ كىردى. شوپۇر گازنى كۆچەيتىپ ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى. غەربتە قۇياش قىپقىزىل شارچە بولۇپ قېتىپ قالغانىدى.

بىردىنلا ئۆي ئىچىنى «جاراڭ - جۇرۇڭ»، «قاراس - قۇرۇس» قىلغان ئاۋازلار قاپلاپ كەتتى. ئەمدىلىكتە چىنە بىلەن تەخسە، چوكا بىلەن قوشۇق، چېلەك بىلەن ئىدىش، ئورۇندۇق بىلەن شىرە، سوپۇرگە بىلەن قىرغىراق ئۆزئارا جاراقشىپ سوقۇشماقتىدى. قورقىنىدىن شوپۇرنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى، ئۇ لاغىلداپ تىترىگىنىچە تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. بىردىنلا ئۆي ئىگىسى ئايالنىڭ ئوغلى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغان ئاپىسىغا بىر تەستەك سالدى. ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ كاچىتىغا ئاپىسىمۇ كېلىشتۇرۇپ بىر شاپىلاق ئۇردى. ئاندىن ئىككىسى چاچراپ قوپۇپ بىر - بىرى بىلەن بوغۇشۇپ كېتىشتى. بىر چاغدا ھېلىقى ئەلەس ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ پومداقلىشىپ قالغان ئايال ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى قارا - قويۇق دەپسەپ چەيلەشكە باشلىدى. ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ خىراقىراشلىرى، ئىڭراشلىرى، ئىپ-

لاس تىللار بىلەن بىر - بىرىنى تىللاشلىرى ھېلىقى قاراس - قۇرۇسلار بىلەن قوشۇلۇپ، دەھشەتلىك مەنزىرە شەكىللەندى.

بولۇۋاتقان ئالامەتتىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك قورقۇپ كەتكەن شوپۇر ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە سۈپىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى.

بۇ ساي ئۇزۇن ساي ئىدى. ئەمدىلىكتە ساي ئاخىرلىشىپ يولنىڭ باش ئۇچى، كۆيۈپ چوچۇلا بولغاندەك قارىيىپ كەتكەن قاپقارا تاغلار ئىچىگە شۇڭغۇغانىدى. شوپۇر گازنى كۆچەپ باستى، ماتورنىڭ كىلاپانلىرى كۆچىنىشتىن ئىنكوباتوردىن يېڭىلا چىققان دىم چۆجىلەردەك چوكۇلدايتتى، دىم سېغىزخانىدەك شاراقشىپ كېتەتتى، ماشىنىنىڭ گەۋدىسى توختاۋسىز غىچىرلايتتى.

شوپۇر ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. قورۇدىكى بىر ئۆيىدىن باشقا ھەممىلا ئۆينىڭ ئىشىك - روجەكلىرى چالاقلاپ تىترەۋاتاتتى. شوپۇر ئالمان - تالمان دەرۋازىغا قاراپ يۈگۈردى. دەرۋازىمۇ چالاقلاپ تىترەۋاتاتتى. دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىنمىغان بولسىمۇ، شوپۇر ھەر قانچە كۆچەپمۇ دەرۋازىنى ئاچالمىدى. ئۇ ھودۇققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. دەرۋازىدىن چىقمىسا سىرتقا چىقىپ كەتكىلى بىرەر يوچۇق كۆرۈنمەيتتى، تاملار بولسا بەك ئېگىز ئىدى.

شوپۇر ئەتراپىغا ئالاكلاپ قارىدى. بايىقى ئۆيدىكى «قىيا - چىيا»، «قاراس - قۇرۇس»، «تاراق - تۇرۇق»، «جاراڭ - جۇرۇڭ»لار تېخىمۇ كۆچەيگەنىدى. ئۇ ئاخىرى دەرۋازىنى ئاچىپ ئاچقۇدەك بىرەر ئەسۋاب تېپىش مەقسىتىدە، دەرۋازىنىڭ تۈۋىدىكى پاكار ئىشىكنى ئېچىپ ئۇ ئۆيگە كىردى. بۇ ئۆي ئاشخانا ئۆي بولۇپ، ئۇ يەردە بىر قىز ئىشىككە ئارقىسىنى قىلىپ تىزىغا جەينىكىنى تىرىگىنىچە بېشىنى سېلىپ ئولتۇراتتى. قىزنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى ،

قامىتى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. شوپۇر تۇرغان جايىدا مىخلىنىپ قالغاندەك تۇرۇپ قالدى. ئۇ قىزنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن چوڭراق تىنىشقىمۇ پېتىنالمىدى. بىر چاغدا قىز ئارقىسىغا ئاستا قايرىلدى. قىزنىڭ گۈزەللىكى شوپۇرنى قورقىتىۋەتتى. ئۇ ئالدىدىكى قىزنى «جىن بار سۇ پەرىمۇ، نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالدى.

— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، — دېدى قىز ئەپكەتەك يۇمشاق ئاۋازدا شوپۇرغا يېنىدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ.

«ھېلىقى ئەلەس يىگىت تويلاشماقچى بولغان قىز شۇ ئىكەن - دە» دەپ ئويلىدى شوپۇر ھوشىغا كېلىپ.

— مەن سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلگەنىدىم... سىز ھازىرچە چىقىپ كېتەلمەيسىز، ئولتۇرۇڭلا، — قىز كۈلۈمسىرىدى.

شوپۇر ھەيران قالدى.

— سىز قانداق بىلىسىز؟

قىزنىڭ مۇڭ ۋە ھەسرەتكە تولغان گۈزەل كۆزلىرى كۈلگەندەك قىلدى:

— مەن كىتاب ئاچىمەن، يۇلتۇز كۆرىمەن، بولۇپ تاڭ سەھەردە سىزنىڭ يۇلتۇزىڭىزنى بايقاپ قالدىم.

شوپۇر قىزغا يېقىنلاشتى.

— بۇ ئۆيدىكى نېمە كارامەت؟ بۇلار كىملەر؟ — شوپۇر يىگىت بايىقى ئۆينى بېشى بىلەن ئىما قىلدى.

— ئانام ۋە ئاكام، سىز ئىزلەپ كەلگەن ئەلەس مەن بىلەن ئۆيلەنمەكچى، — قىزنىڭ چىرايىنى قاپقارا بۇلۇت باسقاندەك بولدى.

شوپۇرنىڭ يۈرىكى ئاسىقىپ كەتتى.

— سىز شۇنىڭغا لايىقمۇ؟

قىز ئىستىھزا بىلەن كۈلۈمسىرىدى ۋە قەتئىي قىلىپ ئىشەنچ بىلەن دېدى:

— مەن ئۆلەي قالسامۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلەنمەيمەن ۋە مەن ھازىرچە ئۆلمەيمەن، تېخى نۇرغۇن يىللار ياشايمەن.

ئانا ۋە ئاكىڭىز نېمىشقا ئۆزىنى شۇنچە بېشىپتىبار، قەدىرسىز ۋە پەس سانايدۇ؟ ئۇلا نېمىشقا ئۇرۇشىدۇ؟ ئۇلار يەنە كېلىپ، ھاراق ئىچىدىكەن، ئۇلار نېمىشقا بىر - بىرى بىلەن ياۋۇزلاردەك بوغۇشىدۇ؟ سىز نېمىشقا ئۇلارنى ئاجراتمايسىز؟ يەنە ھېلىقى چېلەك قوشۇق، چىنىلەرچۇ؟....

شوپۇر يىگىت قىزنى ھولۇقۇش ئىچىدە بىر مۇنچە سوئالغا كۆمۈۋەتتى.

— «ئەنە، ئاۋۇچۇ؟» دېمەيسىزغۇ؟ — قىز بېشىنى يېنىككىنە كۆتۈرۈپ يىگىت كىرىپ كەلگەن ئىشىكنىڭ بېشىنى ئىما قىلدى.

يىگىت ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئىشىك بېشىغا قارىدى. ئۇ يەردە، قوزۇقتا ئىلىپ قويۇلغان كالا لىڭگىلىچىقى بىر - بىرى بىلەن «ھەھ» دەپ سوقۇشۇۋاتاتتى.

شوپۇر ئەقلىدىن ئادىشاي دەپ قالدى. ئۇ، بۇ سىرلىق قىزنىڭ مۇڭلۇق كۆزىگە تىكىلگەنچە سوئال نەزەردە تاقەتسىزلىك بىلەن تىكىلدى.

— بۇ كارامەتنىڭ سىرىنى پەقەت سىز بىلەن مەن ئاچىمىز. بۇ بىر ئاپەت، ئىبلىسنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن بالا - قازاسى. بۇ ئاپەتنى ئىككىمىز بىرلىشىپ يوقىتىمىز، مەن يالغۇز كەلدىم، قۇربىتىم يەتمىدى، — دېدى قىز شوپۇر يىگىتكە سىنىغاق نەزەردە تىكىلىپ.

ئۇشتۇمتۇت قىزنىڭ نەزەرى ئىشىك تەرەپكە ئاغدۇرۇلدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆزىدىن سوغۇق ئۇچقۇن چاچراپ، ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. شوپۇر يىگىت ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئىشىككە قارىدى. ئىشىك ئۇدۇلىدا، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بوۋاي خۇددى ئېشەك پۇتىنى ئاتقاندەك بىر پۇتىنى تۇرۇپ - تۇرۇپ ئېتىپ قويۇپ غودۇڭشىغىنىچە كىچىككىنە دائىرىدىنى چۆرگىلەۋاتاتتى. بوۋاينىڭ كۆزى يەردىن نېمىنىدۇر ئاختۇرغاندەك يەرگە تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن چاپىنى

www.uyghurkitap.com

يەردە سوزۇلۇپ قالغانىدى. ئۇ، قولىدىكى تەسۋىنى سىرىدىكەچ چۈشىنىكسىز پىچىرلايتتى، غودۇڭشىيتتى، تىلىنىڭ ئۇچىدا ئەتراپىغا ھۈرۈپ تۈكۈرەتتى.

قىز، بوۋايغا تەگسىز نەپرەت ۋە بىرگەنچىتە مىختەك قادىلىپ قاراپ قالغانىدى. قىزنىڭ لەۋلىرى، لەۋلىرىلا ئەمەس پۈتۈن ۋۇجۇدى بەزگەكتەك تىترەيتتى.

بوۋاي بىر قەدەمدە يۈتىنى بىر ئېتىپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەۋر قىلىپ بىردىن ئايلاندى-دە، قىزغا قورقۇنچلۇق كۆزلىرى بىلەن «لاپپىدە» قاراپ قويۇپ ئۇدۇلىدىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە ئىشىكنى «جالاققىدە» يېپىپ ئىچىدىن زەنجىرلىۋالدى. شوپۇر يىگىت بايا ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئىشىك-روجەكلىرى جالاقلاپ تىترىگەن چاغدا بىرلا مۇشۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ تىترىدىمەي ئۆز ھالىچە تۇرغانلىقىنى ئەسلەپ ئەجەبلەندى.

قىز ئىشىككە بىر ھازاغىچە روھسىز قېتىپ كەتكەندەك ئۈن-تىنسىز قاراپ چەكچىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. شوپۇر شۇ دەمدە قىزنىڭ چېھرىدىكە ئورناپ كەتكەن ھەسرەت، قايغۇ ۋە ئەلەمنىڭ ئېغىر ۋە قارا كۆلەڭگۈسىنى ئاشكارا ھېس قىلدى. قىز ئۈندىمەيتتى. ئۇنىڭ چىشلىرى ئاجرالماس دەرىجىدە كىرىشىپ قالغاندەك ئىدى. شوپۇر يىگىت ھەتتا قىزنىڭ نەپىسى ئاشۇنداق ئولتۇرغىنىچە توختاپ قالدىمىكىن دەپ خەۋپسىرەپ قالدى.

— بۇ كىم؟ ئۇنىڭ چۆرگەلگىنى نېمە قىلغىنى؟ — بىر ھازادىن كېيىن سورىدى شوپۇر يىگىت.

قىز ئاران دېگۈدەك زۇۋانغا كەلدى:

— بۇ بىر جىنكەش باخشى. ئادەم ئەمەس ئىبلىس! — قىز سۆزلەرنى چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ غەزەپ بىلەن پىچىرلىدى.

— بۇ قورۇ شۇنىڭمۇ؟

— ياق بىزنىڭ. ئۆزىمىزنىڭ.

— مەن بايا كۆرگەن ئالامەتنىڭ سەۋەبكارى ئاشۇمۇ؟

— شۇنداق... ئۇلا ئەمەس... تېخى ئاڭلايسىز ۋە كۆرىسىز .....

قىز بېشىنى سالدى.

— بۇ جىنكەش باخشىنى قوغلىۋەتسەڭلار بولمامدۇ؟

قىز ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى:

— بۇ قورۇدا ھازىر بۇ باخشىغا كۈچى يېتىدىغان بىرەر ئەركەك قالمىدى.

شوپۇر تېخىمۇ ھەيران بولدى.

— ئاشۇ بوۋايغا، ئاشۇ ئۆلۈمتۈك قېرىغا-ھە؟! بۇ قورۇدىكى ئەركەكلەر نەگە يوقالدى؟ نېمە ئۈچۈن؟

قىز بېشىنى چايقىدى:

— ئۇ سېھىرگەر، جادۇ قىلىدۇ. قورۇدىكى ئۆزىگە كۈچى يېتىدىغانلىكى ئەركەكلەرنى سېھىردي جادۇ بىلەن قورۇدىن قوغلاپ نەلەرگىدۇر بەنت قىلىۋەتتى: ئۇلار ھازىرچە قايتىپ كېلەلمەيدۇ. مېنىڭ دادام ئەنەشۇلارنىڭ بىرى. دادامغىمۇ مۇشۇ دىن دۈشمىنى قەست قىلىپ ئۆيدىن يوقاتتى. دادام غايىب بولغان كۈندىن تارتىپ بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بايا سىز كۆرگەندەك ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەسلىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ.

قىزنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ بىر ھازاغىچە ئېسەدەپ يىغلىدى. ئاندىن ھەسرەتلىك تىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— يېقىندا سول چەتتىكى ئۆيدە ئولتۇرىدىغان سودىگەر كىشى خوتۇن-بالىلىرىغا: «غولۇم قىزىپ، يۈرىكىم ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى، بۇنى كۆرۈپ ھاۋا يەڭگۈشلەپ كېلىمەن» دەپ چىقىپ كەتكەنىدى، ھازىرغىچە دېرىكى يوق، نەگە كەتكىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

— ئۇنىڭ خوتۇن-بالىلىرىچۇ؟

قىزنىڭ چىرايىدا چوڭقۇر ئېچىنىش

ئەكس ئەتتى:

— ئۇ كىشى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن كۈندىن ئېتىبارەن، بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى «سەزمەس كېسىلى» دەيدىغان بىر خىل كېسەلگە مۇپتىلا بولدى، — قىز ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى، — ئۇلارنىڭ ئاغزى ھېچقانداق تەم سەزمەيدۇ، بۇرنى ھېچقانداق پۇراقنى ھىدلىيالمايدۇ. تېخى كۆيدۈرگۈ ئاپتاپتا ئىسسىقنى، قەھرىتان جاڭ-جاڭ سوغۇقتا مۇزلاپ ئۈششۈكنى تۇيمايدۇ. باللىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تىلى، لەۋلىرى كۆيۈپ شالۋۇرەپ كەتكەن، ئۇلار چوغنىمۇ ئاغزىغا سېلىۋالىدۇ-يۇ، ئاغزى كۆيۈپ پىشىلىپ كەتسىمۇ سەزمەيدۇ.

شوپۇر چۆچۈپ سورىدى:

— چوغنى! ئۇلار نىمە ئۈچۈن چوغنى ئاغزىغا سېلىۋالىدۇ؟

قىز غولى تاللىناندەك بېشىنى ئارقىسىغا تاشلىدى. ئۇ خىيال سۈرۈپ قالغانىدى:

— ئۇلارنىڭ ئاپىسى باللارغا تاماق قىلىپ بەرمەيدۇ، چۈنكى ئۇ مەزلۇم ئۆزىنىڭ قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنى سەزمەيدۇ. باللىرىنىڭمۇ قورسىقى ئېچىشى مۇمكىنلىكىنى ۋە قانداق چاغدا ئاچىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بىچارە باللارمۇ ھەم ئۆزىنىڭ قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنى بىلەلمەيدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ باللىرىنىڭ تاماق، نان، مېۋە-چىۋە يېگەنىنى كۆرگەندە، ئۇلارنى دوراپ، ئالدىغا نېمە كەلسە شۇنى داڭگال بولامدۇ، تاش بولامدۇ، تېزەك بولامدۇ ياكى نان پارچىسى، تۆمۈر-تەسەك، ئىشقىلىپ ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى ئاغزىغا سېلىۋالىدۇ. بۇ-ئۇلارنىڭ قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنى سەزگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ بىرەر نەرسە يېگىنىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلاردا قوزغالغان شەرتلىك رېفلېكسنىڭ ئىنكاسى، شۇڭا ئۇلار گاھىدا ئوچاقتىكى چوغنىمۇ ئاغزىغا سېلىۋالىدۇ. ھەتتا قىپقىزىل ئوتنى يۇتۇۋالىدۇ...

ئارقىدىنلا مۇنۇ ئولۇك چەپتىكى ئۆيدە ئولتۇرۇشلۇق ھۇنەرۋەن — كاسىپ كىشى: «خوتۇنۇمغا كۆڭۈلسىز بولدۇم» دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. دەل شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ ئائىلىدىكى چوڭ-كىچىكلەر «چاشقان كېسىلى» گە گىرىپتار بولدى...

— نېمە؟ چاشقان كېسىلى؟

— ھەئە... سىز بايا قورۇدىكى تاملاردا نېمىنى كۆردىڭىز؟

يىگىت قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلاپ قالدى ۋە بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ دېدى:

— سان-ساناقسىز تۆشۈكلەرنى كۆردۈم....

قىز بېشى ئارقىلىق تەستىقلاپ كۈلۈمسىرىدى:

— شۇنداق، ئاشۇ سان-ساناقسىز تۆشۈكلەرنى ئاشۇ ئائىلىدىكىلەر كولىغان. ئۇلار ئەتىدىن كەچكىچە تۆشۈك كولايدۇ، تاملارنى، تامنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىنى، تاملارنىڭ ئۇلىنى، ئوچاق، تونۇرلارنى، ئەۋرەز، سۇڭگۈچلەرنى، سېۋەت، تاغار، خورجۇن، ساندۇق، يوتقان-كۆرپە، ئىشتان چاپانلارنى ئىشقىلىپ ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى كولاپ-كوچىلاپ تۆشۈك ئاچىدۇ. مەيلى خەقنىڭ ياكى ئۆزلىرىنىڭ بولامدۇ، ئۇلارغا بەرىبىر، ئۇلارغا ھەر قانداق قىلىپمۇ بېسىپ بولمايدىغان كولاش-كوچىلاش ھەۋىسى كېسەل بولۇپ چاپلاشقان، ئۇلارنى چەكلەپ بولمايدۇ. بۇ يەردە چەكلىسەڭ ئۇ يەردە، خەقنىڭكىنى چەكلىسەڭ ئۆزىنىڭ ئۆيىدە... ئۇلار قورۇنىڭ جېمى تاملىرىنى كولاپ-كوچىلاپ ئۆرۈۋېتىشكە ئاز قالدى...

— ئاۋۇ ئىشىك ئالدىغا دۆۋىلەپ قويغان كىتابلار كىمنىڭ؟ نېمىشقا ئۇنى ئەخلەت ئورنىدا تاشلىۋەتتى؟

شوپۇر يىگىت ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان كىتاب دۆۋىسىنى كۆرسەتتى. ئۆيەردە بېش-ئالتە

تاغار چىققۇدەك كىتاب يامغۇر، قار ۋە يەرنىڭ زېمىندىن سارغىيىپ، كۆكىرىپ پاختىلىشىپ كەتكەنىدى.

ساھىبجامال قىز خۇددى بىر يېرى ئاغرىغاندەك لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى ۋە كىتابلارغا مەيۈسكىنە قاراپ قويدى؛ ئۇنىڭ كۆزىدە چەكسىز ئازاب- ئېچىنىش تۇيغۇسى ئەلەڭشىيتتى.

—بۇ ئۆيدە بىر سىياكەش، ھېكمەتلىك ئادەم بار ئىدى. كېچە -كۈندۈز كىتاب مۇتالىيە قىلاتتى. ئۇنىڭ بىلىمى قالتىس چوڭقۇر، پەزىلەتلىك ۋە ئەقىللىق كىشى ئىدى: ئۇ، يەرنىڭ يارالمىشىدىن تارتىپ، قىيامەت قايىمغىچە سادىر بولغان ۋەسادىر بولمىش ۋەقەلەرنى، ھەتتا بىزگە نامەلۇم بولغان سەييارە، پىلانېتلارنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىدىغان، مۇرەتتەپ، ئاجايىپ پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان زوۋاندار زات ئىدى. بىلىمى بىلەن قالتىس يۈز-ئابرويتاپقانىدى. پۈتۈن يۇرتتىكىلەر ئۇ كىشىدىن مەسلىھەتلەر ئالاتتى، ئەقىل ۋە، چارە ئۆگىنەتتى. ئۇ كىشىمۇ ئۇشتۇمتۇت قورسىقى كۆپىدىغان بىر خىل قورقۇنچلۇق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. قىزىقى، بۇ كېسەل كىشىلەر ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن تارتىپ ھەممە كىشى ئۇخلاپ بولغانغا قەدەر قوزغىلاتتى. ھەممە كىشى ئۇخلاپ بولغاندىلا ئاستا- ئاستا قويۇپ بېرەتتى. مۇبادا بىرەر كىشى ئۇخلىمىغان بولسا، بۇ ئاغرىق داۋام قىلىۋېرەتتى. كىشىلەر ئۇ زاتنى يوقلاپ كېلىشكەندە ئۇنىڭ قورسىقى باشقىچە كۆپۈپ ئاغرىق ئازابى بىلەن تىلىدىن قالاتتى. ئاخىرى بۇ كىشى ئالجىپ ئەقلىدىن ئازدى ۋە ئۆيىنى، كىتابلىرىنى تاشلاپ سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتتى. ھازىرغىچە دېرىكى يوق. بۇ زاتنىڭ ئايالى ۋە باللىرى ئۇزات ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن سائەتتىن باشلاپ، بىر خىل «كۆرمەس كېسەللى»گە گىرىپتار بولدى.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالدىمۇ؟

—ياق. كۆزلىرى ئوچۇق ۋە روشەن. ئۇلار يولماڭغاندا تامغا ئۇسۇلۇۋالمايدۇ، توساقلاردىن ئايلىنىپ ئۆتىدۇ. ئېرىقتا يىقىلىپ كەتمەيدۇ. ئاش- ناننى پەرق قىلىپ يېيەلەيدۇ. كېچىلىرى ئۆيلىرىگە چىراغ ياقىدۇ. كۈندۈزى ئوچاققا ئوت قالايدۇ. دېمەك ئۇلارنىڭ كۆزى ساپساق. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزى ئادەمگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ پەرق قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ. ئۇلار بىر ئۆيدە ياشايدۇ، لېكىن بىر- بىرىنى تونۇمايدۇ. ئانىسى باللىرىنى، باللىرى ئانىسىنى ۋە بىرتۇغقان قېرىنداش، ئېگىچە- سىڭىللىرىنى تونۇمايدۇ. قولۇم- قوشنىلارنىغۇ ئەسلا بىلمەيدۇ. بۇ، كۆزنىڭ كۆرمەس كېسىلى بولماستىن، بەلكى تونۇماس كېسىلى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئادەملەرنى ئۆز ئەينى بىلەن تولۇق كۆرەلمەسمۇ، كۆزلىرىنىڭ يەتكۈزگۈچ نېرۋىلىرى كۆرگەن ئادەمنىڭ تولۇق سىياقىنى چوڭ مېڭىگە يەتكۈزۈپ بېرەلمەسە كېرەك. ياكى ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كۆرگىنى بىلەن كۆزنىڭ يەتكۈزگۈچ نېرۋىلىرى چوڭ مېڭىنىڭ ئەستىلىك، خاتىرە كانالچىلىرىدىكى نېرۋىلارنى ئويغىتالمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنداقتا، كۆز نېرۋىلىرىنىڭ سىگنالى، خاتىرە سىگنالى چوڭ مېڭىنىڭ تەپەككۇر ئۇيۇتمىسىغا سىگنال بېرەلمەيدۇ-دە، ئۇ كىشى كۆز ئالدىدىكى ئادەمنىڭ پەقەت بىر ئادەم ئىكەنلىكىنىلا بىلەلەيدۇ، ئەكسىچە ئۇ كىشى توغرىسىدىكى ھەرقانداق تەسىرات، خاتىرە، تارىخ قارىشى بولمايدۇ. باللار كۆز ئالدىدىكى ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى، ئانىسى ئۆز ئالدىدىكى باللارنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، كىمنىڭ نەسلى، كىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ ۋە بىلمەيدۇ. ئۆزلىرىنىڭمۇ ئاتا-ئانىلىرى بولغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلاردا

قىلىچىلىكىمۇ قانداشلىق كۆز قارىشى، قېرىنداشلىق مېھرى-مۇھەببىتى، ئانا-بالىلىق رىشتىسى دېگەن نەرسىلەر زادىلا مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ئۆتمۈشتىن ئىبارەت ۋاقىت قارىشىدىن تامامەن مەھرۇم. ئۆتمۈشنى بىلمىگەن كىشى تەبىئىي ھالدىلا بۈگۈن ۋە ئەتىنى بىلمەيدۇ ۋە ئۇ ھەققىدە ئويلىيالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئائىلىدىكىلەر خۇددى ئۆزئارا ھېچ ئالاقىسى يوق، بىر-بىرىنى زادىلا تونۇمايدىغان ۋە بىلمەيدىغان ياتلاردەك ياشايدۇ.

— ئۇنداقتا ئۇلار بىر ئۆيدە قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ؟ — شوپۇر يىگىت چەكسىز تەئەججۈپ ئىچىدە سورىدى.

— ئۇلار ئەقىل- تەپەككۇر، خاتىرە كۈچى ۋە ئانا-بالىلىق، قان- قېرىنداشلىق مۇھەببىتىدىن ئىبارەت ئەڭ نازۇك ھېسسىياتنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە، ھايۋانلارغا ئوخشاش تەبىئىي ياشاش تەلىپىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئۆزئارا ماددىي بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدە بىر توپ ھالەتتە ياشايدۇ. ئۇلارنى مۇبادا باشقا-باشقا ئۆيلەرگە ئايرىپ، يات كىشىلەرگە قوشۇۋەتسە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىم، باشقىلارنىڭ كىملىكىنى ھېچ ئويلاپ قويمايلا ئىلگىرىكىدەك ياشاۋېرىدۇ.

— ئۇنداقتا ئۇلار بىر-بىرى بىلەن...

قىز دەررۇ شوپۇر يىگىتنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ھەببەللى... ئۇلاردا بايا ئېيتقاندەك قان-قېرىنداشلىق مېھرى دېيىلىدىغان ھېسسىيات بولمىغاچقا، ئۇلار بىر ئائىلىدە ياشىسىمۇ بىر-بىرى بىلەن زادىلا چىقىشالمايدۇ، بىر-بىرىگە كىچىككىنىمۇ كۆيۈنۈش، يول قويۇش دېگەننى بىلمەيدۇ، بىر-بىرىگە دۈشمەنلىك تۇيغۇسىدا مۇئامىلە قىلىشىدۇ. بىر-بىرىگە كىشىنىڭ تېنى شۈركەنگۈدەك دەرىجىدە شەپقەتسىزلىك قىلىدۇ. گاھىدا بالىلىرى ئۆز ئانىسىنى ئۆلگىدەك دەرىجىدە دۇمبالايدۇ، ئانىسىنىڭ قولىدىكى نانىنى تارتىۋېلىپ ئۆزلىرى يەيدۇ. گاھىدا ئانىسى بالىلىرىنى زار-زار قاقشىتىپ ئۇلارنى كۈنلەپ، ھەپتىلەپ ئاچ قويىدۇ. بالىلىرىنىڭ ئاچ-زېرىن، ئىسسىق- سوغۇق، يېلىڭ-يالىڭاچ قېلىشى بىلەن كارى بولمايدۇ. بالىلار بۇ ئۆيدە ئانىسىز قالغان بۆرە كۈچۈكلىرىدەك تاپقىنىنى بىر-بىرىدىن ئالجىرلىق ۋە ئاچكۆزلۈك بىلەن قىزغىنىشىپ، چوڭلىرى كىچىكلىرىنى، كۈچلۈكى ئاجىزلىرىنى، ئوغۇللىرى قىزلىرىنى زار- زار قاقشىتىپ چوڭ بولۇۋاتىدۇ. بىر شىشە ئىچىگە ئون تال چايانىنى تىرىك پېتى سېلىپ، شىشىنىڭ ئاغزىنى بېكىتىۋەتسە، بۇ چايانلار بىرسىنى بىرسى يەپ ئاخىرى بىرى ئېشىپ قېلىپ، ئاخىرى ئۇمۇ ئۆلۈپ قالغاندەك، مۇشۇ ئائىلىدىكىلەرمۇ بىر-بىرىنى بوغۇپ ئاخىردا ئېشىپ قالغىنىمۇ ئۆلۈپ، بۇ دۇنيادىن ئىز-نەسىلسىز پاك-پاكىزە تۈگەپ كېتىدىغۇ، دەپ ئەندىشە قىلىمەن...

قىز ئەلەملىك ئىڭىردى، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغانىدى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن يەرگە بېقىپ بىردەم ئولتۇردى، ئاندىن ھېلىقى كىتابلارنى كۆرسىتىپ دېدى:

— بۇ كىتابلار شۇنىڭدىن بۇيان ئوقۇيدىغان، قەدىرلەيدىغان ۋە ساقلايدىغان ئادەم چىقماي دەپسىلىپ-چەيلىنىپ ياتىدۇ. كىشىلەر قۇچاق-قۇچاق كىتابلارنى ئېلىپ چىقىپ ھاجەتخانىغا، تونۇر-ئوچاققا تۇترۇققا، تاماكا ئوراپ چېكىشكە ئىشلىتىدۇ.

يىراقتا بىر دەريا كۆرۈندى. دەريا يۈزى كەچكى شەپەقنىڭ قالدۇق نۇرىدا قان رەڭگىدە تاۋلىنىۋاتاتتى. دەريانىڭ قىرغاقلىرى يا پېيىشىل بوستانلىق ئىدى. بوستانلىق ئارىسىدا ئۇ يەر- بۇ يەردە كۆككۈش ئىس كۆتۈرۈلمەكتىدى. دېمەك ئالدى تەرەپتە كۆجۈم مەھەللە باردەك قىلاتتى.

شوپۇر ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

—سىزنىڭ دادىڭىزمۇ، —شوپۇر يىگىت ئېھتىيات بىلەن سورىدى.

قىز ئۇنىڭ سوئاللىرىنى چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— مېنىڭ دادامۇ ئۇشتۇمتۇت ئىستىسقا كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. ھەپتە ئىچىدە ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى ۋە بىر كېچىسى ئۇشتۇمتۇت غايىب بولدى...

قىزنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۈن سېلىپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى تەسلىكتە تۇتۇپ ئولتۇراتتى. شوپۇرنىڭ قىزغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. بۇ گۈزەل قىزنىڭ شۇنچە دەرد ۋە ئەلەم ئىچىدە قالغىنى ئۈچۈن ئېچىندى، شۇندىمۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتمەي، ئەقلى-ھوشى ۋە ئايدەك جامالى بىلەن شۇ كۈنگە ئۇلاشقان غەيرەت-شىجائىتى ئۈچۈن ئىچىدە قىزغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

—شۇ تاپتا مەن ئۆز كۆزۈم ۋە قۇلىقىمغا ئىشىنەلمەيۋاتىمەن، مەن بۈگۈن گويا سېھىرلەنگەن بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك بولۇۋاتىمەن... ئېيتىڭچۇ، مۇشۇنچە بالاقازا ئاشۇ ئۆلۈمتۈك قېرىنىڭ قولىدىن كېلەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان كىشى يوق دېگىنىڭىزگە ھەيرانمەن. سىزچۇ؟ مەنچۇ؟ بىزچۇ؟ زادى بۇ سىرلارنىڭ تېگىنى ماڭا بىر سۆزلەپ بېرىڭچۇ؟...

شوپۇر يىگىت شۇ تاپتا ئىچ-ئىچىدىن تاقەتسىزلەنگەنىدى. قىز خۇشلۇقىدىن غۇنچىدەك لەۋلىرىنى ھىمىرىپ كۈلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ چېھرى ئاپتاپتەك پارلاپ كەتتى.

—ئالدىرىماڭ... مەن سىزگە ھەممىنى ئېيتىپ بېرىمەن. بايىقى سۆزلىرىڭىز مېنى تولىمۇ خۇشال قىلدى، مەن سىزدىن شۇنى كۈتكەنىدىم. ئەمدى سىز ھەممىدىن خەۋەردار بولىسىز. لېكىن، — قىز يىگىتكە قاراپ ئىللىققىنا كۈلۈمسىرىدى، — مېنىڭ بىر شەرتىم بار، سىز شۇ شەرتىمگە كۆنسىڭىزلا ئاندىن بۇ سىرنىڭ تېگىنى ھازىرلا سىزگە ئېچىپ بېرىمەن...

شوپۇر يىگىت ئالدىراپ دېدى:

— نېمە شەرت؟ قېنى ئېيتىڭا، شۇ تاپتا مېنىڭ بېشىم كېرەك بولسىمۇ، سىزگە تەسەددۇق!

قىز شوپۇرغا مېھرى بىلەن ئۇزاققىچە تىكىلدى، ئاندىن دانە-دانە قىلىپ دېدى:

—سىز بېشىڭىزنى ماڭا تەسەددۇق قىلماڭ، ئاشۇ بەختسىز بىچارىلەرگە تەسەددۇق قىلىڭ. «ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغىچە ئەلنىڭ بالىسى بول» دەيدۇ، شۇ چاغدىلا...

قىز «ۋىللىدە» قىزىرىپ كېتىشىنىڭ ئاخىرىنى توختىتىۋالدى ۋە ئۇيات بىلەن يەرگە باقتى. شوپۇر يىگىت قىزنىڭ سۆزىدىن بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك قەددىنى رۇسلاپ قانائەت بىلەن چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

—شەرتىم شۇكى، —دېدى قىز بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، — بۇ يولغا قەدەم تاشلىسىڭىزدە، ھەرگىز تايمايسىز، مۇبادا يېرىم يولدا مۈشكۈلدىن قورقۇپ داجىسىڭىز، ئاللا ئالدىدا، ئەل ئالدىدا، ئەجدادلارنىڭ روھى ئالدىدا گۇناھكار بولىسىز، مېنىڭ ئىشەنچىمنىمۇ يەردە قويىسىز. ئەگەر بايىقى جاسارىتىڭىز بىلەن بۇ ئىشقا چىن دىلىدىن ئاخىرىغىچە پىداكارلىق قىلسىڭىز مۇشۇ بەختسىز بىچارىلەرنى ئىبلىسنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋالىمىز-دە، ئۇ دۇنيا ، بۇ دۇنيا خاسىيەت تاپىمىز. سىز مۇشۇ ئىشتا ماڭا ئەڭ كۈچلۈك ۋە بىردىنبىر ياردەمچى بولىسىز، مەن قولۇمدىكى مۇشۇ كىتاب ئارقىلىق سىزگە نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىمەن. سىز مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى بولجىماي بېجىرىسىز...!

قىز گېپىنى توختىتىپ يىگىتكە شەھلا كۆزلىرى بىلەن قارىدى.

—ئېيتقانلىرىڭىزنى جان-دىلىم بىلەن بېجا كەلتۈرىمەن، ھەر قانداق ئەھۋالدا

ئىشىمدىن تاپمايمەن، سىزگە ئۆزۈمنىڭ يىگىتلىك سۈپىتىم بىلەن كېپىلەتلىك قىلىمەن، — دېدى يىگىت ئويلاپ تۇرماي.

قىزنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغانىدى:

— يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن قايتماس، دېپ تەكرارلاڭ يىگىت.

شۇ پەيت قەتئىي قىلىپ تەنتەنە بىلەن تەكرارلىدى:

— يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن قايتماس!

قىزنىڭ چېھرىدە خوشاللىق، ئىشەنچ ۋە يىمىرىلمەس بىر قەتئىيەت ئەكىسلەندى. ئۇ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ يىگىتنىڭ ئالدىغا ماڭدى.

— بۇ يىقا كېلىڭ، ئەمدى مەن بۇ بىمەنە قورۇنىڭ سىرلىرىنى سىزگە كۆرسىتەي. بىز بۆرىدەك شىجائەت ۋە جاسارىتىمىز بىلەن بۇ سىرلارنى پاش قىلىپ، بىمەنە كېسەل ئىچىدە قىينىلىپ خورلاۋاتقان گۇناھسىز جانلارنى قۇتقۇزايلى...

شۇ پەيت يىگىتمۇ چوڭ-چوڭ دەسسەپ قىزنىڭ ئالدىغا ماڭدى. قىز يىگىتنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، گويا ئۆسمۈرنى يېتەكلىگەندەك يېتەكلەپ بېرىپ، ئۆينىڭ ئىچكى تەرىپىدىكى پاكار ۋە كىچىككىنە ئىشىكنى ئاچتى. بۇ، ئەسكى-تۈسكى قويۇلغان بىر كونا قازناق ئىدى. بۇ قازناق ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان تاشلىنىپ قالغاچ، ئۆينىڭ تورۇسى ئۆمۈچۈك تورى بىلەن قاپلانغانىدى. ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىدىن توپا تۆكۈلۈپ تۇراتتى. قىز يىگىتنى بوسۇغىدا توختىتىپ قويۇپ، ئۆزى قازناقنىڭ بۇلۇڭىدىكى تەكچىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە تەكچىدىن بۇلغار بىلەن تاشلانغان تولىمۇ قېلىن ۋە چوڭ بىر كىتابنى قولىغا ئالدى، ئاندىن يىگىتكە ئىما قىلدى. يىگىت قىزغا يېقىنراق كەلدى. قىز قولىدىكى كىتابنىڭ تېشىدىكى توپا-تۇماننى ئاۋايلاپ سۈرتۈۋېتىپ كىتابنىڭ قېتىنى ئاچتى. كىتابنىڭ ۋاراقلىرى سارغىيىپ كەتكەنىدى.

يىگىت ھېچنەرسىنى چۈشەنمەلمەي گاھ كىتابقا، گاھ ساھىبجامال قىزنىڭ چىرايىغا كۆزىنى پىرقىرىتىپ چەكچىيىپ قاراپ قالدى. قىزنىڭ چىرايى بىر ئۇلۇغۋار ئىش ئۈستىدىكى مۆنەججىمنىڭ چىرايىدەك جىددىي ۋە سۈرلۈك ئىدى.

— بۇ تولىمۇ ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى پۈتۈلگەن كىتاب. ئۇنىڭغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ پىكىر دۇردانىلىرى، ئەقىل ئۇنچىلىرى ۋە پاراسەت ئەينىكى پۈتۈلگەن. بۈگۈن بۇ كىتابنى ئېچىشنىڭ ۋاقتى-سائىتى كېلىپ يەتتى. مېنىڭ بوۋام بۇ كىتابنى قالدۇرۇپ ئۇ ئالەمگە كېتىدىغان چاغدا: «بىر جۈمە كۈنى ئەتىگەندە بۇ ئۆيگە يىراقتىن كەلگەن بىر يىگىت قەدەم تەشرىپ قىلىدۇ. ئۇ يىگىتنىڭ پېشانىسى كەڭ، كۆزلىرى روشەن، دىلى پارلاق، ئەقلى ئۆتكۈر، شۇ يىگىتكە ئىشەنسەك بولىدۇ. بۇ كىتابقا يېزىلغان تىلسىمات سىرلىرىنى ئېچىشنىڭ يوللىرىنى ئۇنىڭ ئاشكارىلىغىن ۋە ئۇنىڭ ھەمكارلىقىنى قوبۇل ئەت!» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. ئاخشام مەن كىتابقا ۋە يۇلتۇزغا قاراپ، بۇ پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، سىزنىڭ يۇلتۇزىڭىزنىڭ بۇ تەرەپكە قاراپ سىلجىغانلىقىنى بايقاپ، خۇشلۇقۇمدىن كېچىدە كىرپىك قاقماي چىقتىم. بۈگۈن كۈنگە جۈمە، ئەتىگەندىلا ئۆيىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلدىڭىز، قارىسام، پېشانىڭىزدە يىگىتلىك شىجائىتى، كۆزلىرىڭىزدە ئەقىل-پاراسەت يالقۇنلىرى لاۋۇلداپ تۇرۇپتۇ. مەن ئالدىمىزدىكى بۇ خەيرلىك ئىشتا سىزنىڭ بولغۇسى سادىق سەپدىشىم ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشەندىم ۋە بۇ ئۆيدە سىزنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم. سىز قورۇدىن چىقىپ كېتەلمەيتتىڭىز، چۈنكى ئۇنى مەن ئىجازىتىمسىز ئېچىلماس قىلىۋەتكەن. سىز ئاخىرى مۇشۇ ئۆيگە كىرەتتىڭىز، مانا دېگىنىمدەك بولدى، — قىز كۈلدى. ئۇ كىتابنى

ئېھتىيات بىلەن ۋاراقلىدى ۋە چۈشىنىكسىز تىلدا پىچىرلاپ ئوقۇدى، ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈركىنىچە بىر ھازائىچە ئويلاپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئۇشتۇمتۇت يىگىتكە قاراپ خىتاب قىلدى...

ماشىنا سەھرانىڭ ئويمان-دوڭغۇل يولىدا چاڭ-توزان توزۇتۇپ كەلمەكتە ئىدى. ماشىنا قاتتىق سىلكىنەتتى، بۇ سىلكىنىشتىن رولنى باشقۇرماقمۇ قىيىن ئىدى، لېكىن شوپۇر يىگىت گازنى بولۇشىغا بېسىپ، ماشىنىنى جىددىيلەپ قوغلايتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا، بۇجغۇر چاچلىرى ۋە يۇمران بۇرۇتلىرىنىڭ ئارىسىدا تەر تامچىلىرى جىمىرلايتتى. ئۇ، كۆزلىرىنى ئالدىدىكى نامەلۇم نىشانغا تىككىنىچە رولدا بۈركۈتتەك قەيسەرانە قىياپەتتە ئولتۇراتتى.

ماشىنا تار بىر ئەگمىدىن ئۆتتى، ئالدى تەرەپتە قويۇق جىگدىلىك كۆرۈندى. تازا قىزىرىپ پىشقان ئۇچ-ئۇچ جىگدىلەر شەپەق نۇرىدا قەھرىۋادەك تاۋلىناتتى. جىگدە شاخلىرى مېۋىسىنىڭ بولۇقلۇقىدىن ھېلىلا سۇنۇپ كېتىدىغاندەك ئېگىلىپ كېتىشكەنىدى. ئەتراپتا جىگدىنىڭ كىشىنى بىھوش قىلىدىغان خۇش پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇراتتى. يىگىت قويۇق جىگدىلىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ماشىنىنى توختاتتى ۋە كابىنكىدىن ئالدىراپ چۈشتى.

— سول تەرەپكە ماڭسىڭىز بىرلا يەردە ھەيۋەت يوغىنىغان ئۇچ تۈپ قېرى جىگدە بار.

يىگىت ئاشۇ جىگدىلەرنى ئىزدەپ قويۇق جىگدىلىك ئارىسىغا كىردى.

— سىزنىڭ شەپىڭىز بىلەن بىر سېغىزخان شاراقلايدۇ.

جىگدە شاخلىرى يىگىتنىڭ مەڭزى ۋە قوللىرىنى جىجاپ قانىتىۋەتتى. ئۇ ھازىر ھېچنەرسىنى سەزمەيتتى. ئۇشتۇمتۇت قەيەردىدۇر سېغىزخان شاراقلاپ قالدى، يىگىت سېغىزخان شاراقلىغان تەرەپنى نىشان قىلىپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ئۇ ئاخىرى كىچىكرەك مەيدانچاققا چىقتى. مەيدانچاقنىڭ بىر تەرىپىدە تاملىرى تولىمۇ ئېگىز قوپۇرۇلغان بىر قەدىمكى قەلئە خارابىسى تاشلىنىپ ياتاتتى. يىگىت مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قەلئەگە سەپسالدى.

— قەلئەنىڭ ئارقا يان تەرىپىدىن سانىغاندا 41 - خانىدا...

شوپۇر يىگىت كومبىزونىنىڭ پېشى بىلەن يامغۇردەك قۇيۇلۇۋاتقان تەرىنى سۈرتۈۋېتىپ، قەلئە خارابىسىنىڭ بۇزۇلغان دەرۋازىسىدىن خارابىلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئەتىسى قاش قارايغان مەھەلدە يىگىتنىڭ ماشىنىسى ساھىبجامالنىڭ قورۇسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قاتار - قاتار سۇۋادان تېرەكلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېرىق بويىدا قۇرئەنداز قىز يىگىتنىڭ كېلىدىغان يولىغا تەلمۈرۈپ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ماشىنا توختىشى بىلەن تەڭ، قىز تېرەكلەر ئارىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ماشىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى. يىگىت كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشتى.

— خۇش كەپسىز، — قىز مۇلايىمغىنە جىلمايدى.

— رەھمەت... سىزنىڭ كۈتۈپ تۇرىدىغىنىڭىزنى بىلەتتىم.

يىگىت قىزغا يېقىن كەلدى.

— ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟

— ئېلىپ كەلدىم.

قۇرئەنداز بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك شوپۇرنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ قارىدى.

— قېنى كۆرەيچۇ؟

يىگىت ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، كابىنكىدىن ئاق خەسە خالتىنى ئالدى. خالتا پومپىيىپ

تۇرسىمۇ ناھايىتى يەڭگىل ئىدى.

— ھەممىسى تولۇقمۇ؟ — سورىدى قىز يىگىتنىڭ قولىدىن خالتىنى ئالدىراپ ئېلىۋېتىپ.

— شۇنداق، ھەممىسى تولۇق.

— بەلگىلەرنى تاپقىچە قىينالغانسىز؟

— سىز بەك ئىدىتلاپ ئېيتىپ بەرگەچكەنسىز، ئىشىم ھەر ھالدا ئوڭدىن كەلدى، — يىگىت تولىمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى.

قىز خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قولىنى خالتىغا سالدى ۋە ئۇنىڭدىن بىر دانە كىگىز مالخاينى چىقاردى. ئاندىن كالتىمراق كەلگەن دوغۇچىسىمان كالتەكنى ۋە چىرايلىق قاتلانغان سەگەز رەختنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن خالتىنىڭ ئىچى بوشاپ قالدى. قىزنىڭ چىرايىدا قانائەت ۋە ئىللىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— رەھمەت. ناھايىتى ياخشى. ئەمدى ئىشىمىزنى باشلايمىز، — دېدى قىز يىگىتكە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — كېلىڭ، ئەمدى بۇ تەۋەررۈكنى ئىشلىتىش يوللىرىنى ئېيتىپ بېرەي. سىز مەن دېگەندەك قىلسىڭىزلا بولىدۇ. يىگىت قىزنىڭ يېنىغا يېقىنراق سۈرۈلدى ۋە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قىزنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى.

— بۇ ئۈچ دانە تەۋەررۈكنىڭ ئاشۇ خارابىدا ياتقىنىغا سەل كەم 1000 يىل بولدى. بۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بىباھا مىراسى. بۇنى ئادالەت، ھەققانىيەت، خەيرىلىك ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىشىمىزگە ۋەسىيەت قىلىنغان. بۇلار غايەت زور سېھىرىي قۇدرەتكە ئىگە. ھەر قانداق مۇراد - مەقسەتنى ھاسىل قىلىدۇ. مۇبادا بۇ تەۋەررۈكنىڭ قايسى بىرسى ئادالەت ۋە ھەققانىيەت يولىدا ئىشلىتىلمەي ئۇنىڭ تەتۈرسىچە يامان نىيەت، خۇسۇسىي غەرەز ياكى قاباھەت ئۈچۈن ئىشلىتىلسە، بۇلار شۇھامان ئۆزىنىڭ سېھىرىي كۈچىدىن قالىدۇ، ياكى بولمىسا مۇشۇ مىراسلارنى يامان مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان كىشىنى ئۆزىنىڭ قۇدرىتى بىلەن شەپقەتسىزلەرچە جازالايدۇ. بۇلارنىڭ جازاسىدىن ھەر قانداق كارامەتلىك كىشىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. كىتابتا بۇ قىممەتلىك مىراسلارنىڭ مۇشۇ ئەسىرىمىزنىڭ، مۇشۇ يىلىنىڭ بۈگۈنكى خەيرىلىك كۈنى ۋە سائىتىدە ئىشلىتىلىشى، ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ سىز ۋە مەندەك ۋۇجۇدى پاكىزە، دىلى روشەن، ئىمان - ئېتىقادلىق، ئەدەب - ئەخلاقلىق، غايىلىك ياش بوغۇنلىرى بولىدىغانلىقى، بۇ مىراسلار شۇلارنىڭ قولىدا ئادالەت ۋە ھەقىقەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئەمدى بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىغا تېۋىنىمىز، ئۇنىڭدىن كۈچلىنىپ بىگۇناھ كىشىلەرنى قەستلەپ ئۇلارنى ھالاك قىلىش يولىدا جىنايى شۇملۇق قىلىۋاتقان ھېلىقى مەلئۇنىنىڭ جازاسىنى بېرىمىز، بۇ يەردىن قوغلانغان تۆت نەپەر بەختسىزنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ بالا - ۋاقىلىرىغا چېپىلغان پاسكىنا كېسەللىكنىڭ ئېسىرىنى يوق قىلىپ، ئۇلارنى جەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى ئۈمىد ۋە خۇشاللىقنىڭ بوستانىغا ئايلاندۇرىمىز!

قىز قولىدىكى كىگىز مالخاينى يىگىتكە كۆرسەتتى:

— مۇنۇسى بولسا «سۇلايمان قالپاق»، بۇنىڭ خاسىيىتى شۇكى، سىز بۇنى پاكىزە ۋۇجۇد، پاك نىيەت، خالىس ۋە ئالىي مەقسەتتە بېشىڭىزغا كىيسىڭىز، ئۆزىڭىز شۇھامان غايىب بولىسىز، سىزنى ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ، لېكىن سىز ھەممىنى كۆرەلەيسىز، ئادەتتىكىدەك پىكىر قىلالايسىز، ھەممىنى ئاڭلىيالايسىز. سىز بۇ قالپاقنى كىيىپ ھەر قانداق جاي، ھەر قانداق ماكاندا ئەركىن-ئازادە سەيلى قىلالايسىز، ئىشىك، دېرىزە ۋە

تۈگۈلۈكى مەھكەم ئېتىۋېتىلگەن ھەر قانداق ئۆي - ھوجرىدىغا بىمالال، ئازادە ۋە ئەۋدىشىمىز كىرىپ چىقالايمىز، ھەر قانداق ئالا كۆڭۈل، ئىككى يۈزلۈك ئەبلەخنىڭ ئەڭ خۇپىيانە ئىش - كويلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى بولالايمىز...

قىز قولىدىكى كالتەك بىلەن سەگەزماتانى يىگىتكە كۆرسەتتى.

— مۇنۇ ئىككى تەۋەرۈكنىڭ سېھىردى - ھېكمىتىنى يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن سىزگە ئېيتىپ بېرىمەن. چۈنكى، ھازىرچە سىز بۇلارغا ئېھتىياجلىق ئەمەسسىز، شۇڭا بۇلار ھازىرچە مېنىڭدە تۇرۇپ تۇرسۇن.

قىز ئۆزىنىڭ ئاغزىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان شوپۇر يىگىتكە ئىشەنچ بىلەن خىتاب قىلدى:

— ئاۋۋال سىز ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ يۇيۇنۇپ، تارىنىپ چىقىڭ.

يىگىت قىز كۆرسەتكەن ئۆيگە قارىدى. بۇ، يىگىت بىلەن قىز تۈنجى قېتىم كۆرۈشكەن قازناق ئۆي ئىدى.

— ئۇ يەردە سىزگە كېرەكلىك ھەممىلا نەرسە راسلاغلىق. ئالدىرىماي بەھوزۇر يۇيۇنۇۋېلىڭ. ئاندىن مۇنۇ قالپاقنى كىيىسىز، بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ سېھىردي كارامىتىنى بىر سىناپ باقايلى، ئاڭغىچە ئەل ياتار ۋاقتى بولىدۇ. بىز شۇ چاغدا ئىشقا كىرىشىمىز. بالدۇرمۇ، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل شۇ پەيتتە ئىشىمىزنى باشلايمىز.

يىگىت قىزنىڭ كۆرسەتكەن ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، قىز ئىشىكتە جىمەكچىلىك قىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىشى ناھايىتىمۇ خۇپىيانە ئېلىپ بېرىلىشى، ھېچكىم بىلمەسلىكى كېرەك ئىدى.

ساھىبجامال قۇر ئەنداز قىز شۇ تاپتا كۈلەرش ۋە غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمۈپ، ئاجايىپ خىياللار ئىلكىدە مەس بولغانىدى. ئاسمان گۈمبىزى كۆپكۆك ۋە تىنىق ئىدى.

تولۇنئاي ئالتۇن لېگەندەك يالتىراپ تۇراتتى. ئاسمان بېتىدە دالا يۈزىنى قاپلاپ چاچراپ - چاقناپ تۇرغان چېچەكلەردەك جۇلالاپ تۇرغان يۇلتۇزلار قىزنىڭ كۆزىگە شۇ قەدەر گۈزەل كۆرۈنەتتى. سالقىن كېچە شامىلى قىزنىڭ ھاياجاندىن رەڭلىنىپ قىزارغان بەغۇبار يۈزىنى مۇلايىمغىنە سۆيۈپ ئۆتەتتى. بۇ كېچە، قىزنىڭ مۇشۇ كۈنلەرنى كۈتۈپ - زارىقىپ كىرپىك قېقىپ كىتاب مۇتالىيە قىلىپ ئۆتكۈزگەن سانىقسىز كېچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. لېكىن بۇ كېچە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل، ئەڭ خاسىيەتلىك، ئەڭ ئەھمىيەتلىك خەيرلىك كېچە ئىدى. يىراقتىن مەزىننىڭ خۇپتەن نامىزىغا توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. «ئەل ياتارغا ئاز قالدى... ئىشىمىزنى خەيرلىك قىلغايسەن ئاللا...» دەپ پىچىرلىدى قىز ئۆز - ئۆزىگە.

بىر ھازادىن كېيىن يىگىت كىرىپ كەتكەن ئۆينىڭ ئىشىكى يەڭگىل غىچىرلاپ شوپۇر يىگىت چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ يۈزى ئاي يورۇقىدا نۇرلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بايىقى سەپەر ھارغىنلىقىنىڭ ئورنىنى تېتىكلىك ۋە يەڭگىللىك ئىگىلىگەنىدى. ئۇنىڭ تېنىدىن پاكىز سۇنىڭ مۇزدەك سالقىنلىقى ۋە نەمخۇشلۇقى كېلەتتى. يىگىت قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى.

بۇ چاغدا ئەل ئايىغى بېسىققانىدى، مەھەللىدىكى ئىتلارنىڭ ھاۋشۇشىمۇ ئاڭلانمايتتى، ھويلىدىكى ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرى ئاللىقاچان ئۆچكەنىدى. دېمەك ئىش باشلاشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلگەنىدى.

— قېنى قالپاقنى كىيىڭ، — دەپ خىتاب قىلدى قىز تەنتەنە بىلەن. يىگىت كىگىز مالخاينى قىزنىڭ قولىدىن ئېلىپ بېشىغا كىيدى - دە، شۇ ھامان قىزنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى.

— مېنى كۆرۈۋاتامسىز؟ — دېدى قىز ئالدىدىكى بوشلۇققا قاراپ پىچىرلاپ.

— كۆرۈۋاتىمەن: سىزنىڭ گۈزەل چېھرىڭىزنى، ئاسماندىكى پارلاق ئاي ۋە چاقنىغان يۇلتۇزلارنى، ئىشقىلىپ ئادەتتە كۆرەلەيدىغان ھەممىلا نەرسىنى ئىلگىرىدىكىدىنمۇ ئوچۇق ۋە روشەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. سىز مېنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

بۇ، يىگىتنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەيتتى.

— ياق، سىزنى كۆرمەيۋاتىمەن. خۇداغا شۈكرى، دېمەك بۇ ياخشى بولغىنى، سىز ئەمدى ئاۋۇ ئۆينى، ھېلىقى لوكچەك سوپىنىڭ، جىنكەش باخشىنىڭ ئۆيىنى كۆردىڭىزمۇ؟

— كۆردۈم.

— سىز كۆڭلىڭىزگە «ئاشۇ ئۆيگە كىرىمەن» دېگەن خىيالنى كەلتۈرۈڭ، شۇ ھامان ئۆزىڭىزنى ئاشۇ ئۆيدە كۆرىسىز. بولغان كېچە سارالڭ باخشى ئىشىدىن توختاپ ئۇخلىغىچە سىز ئاشۇ ئۆيدە بولىسىز. جىنكەش باخشى ئۇخلىغاندىن كېيىن «چىقىپ كېتىمەن» دېگەن خىيالنى كۆڭلىڭىزگە كەلتۈرسىڭىز، شۇ ھامان سىز خالىغان يەردە پەيدا بولىسىز، ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن مېنىڭ قېشىمدا. باخشى ئۇخلىغان چاغ سوبھى قىزىرىپ تاڭ ئاتقان مەھەل بولىدۇ. سىز ئاشۇ ئۆيدە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغىنىڭىزنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە ئېسىڭىزدە قالدۇرۇشقا تىرىشىڭ، ماڭا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىسىز، ئاندىن نېمە ئىش كۆرۈشىمىز كېرەكلىكىنى كېڭىشىمىز، چۈشەندىڭىزمۇ؟

— چۈشەندىم.

— ئۇنداق بولسا ئاتلىنىڭ، سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

— خوپ، مەن ماڭاي، ئەتىگىچە خوش.

شۇنىڭ بىلەن ئەتراپ جىمىپ كەتتى. قاتتىق ئۇيقۇغا چۆمگەن مەھەللە ئاسمىنىدا ئېغىر ۋە ھەيۋەتلىك سۈكۈت ھۆكۈم سۈرەتتى.

بىر كەمدە شوپۇر يىگىت تۇرۇسلىرى ئىسلىشىپ كەتكەن، تار ۋە قىستاڭ ئۆيدە پەيدا بولدى. بۇ ئۆي جىنكەش باخشىنىڭ ئۆيى ئىدى. ئۆيىنىڭ ئىشىك، تۈڭلۈكى مەھكەم ئېتىلگەن بولۇپ، شامال كىرگۈدەك يوچۇقمۇ قالمىغانىدى. يىگىتنىڭ بۇرنىغا قاڭسىق ۋە سېسىق ھىد كېلىپ ئۇرۇلدى. ئۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كەتكەندەك بولۇپ «ھۆ» دەپ ئاۋاز چىقىرىپ تاشلىغىلى تاس قالدى. لېكىن ئۇنداق قىلالمايتتى، ھەممە ئىش بۇزۇلاتتى. شۇڭا يىگىت لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ، ئالقىنى بىلەن ئۆزىنىڭ ئېغىز - بۇرنىنى قاپلىۋالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ، بۇ ئۆيدىكى سېسىق پۇراققا سەل كۆنۈككەندەك بولدى - دە، كۆزىنى يوغان ئېچىپ ئۆي ئىچىگە سەپسالدى.

ئۆينىڭ بىر قەرىدىدە چوڭ سۇپا، سۇپىنىڭ تۆرىدىگە كىرلىشىپ كەتكەن جۇلجۇل يوتقان تاشلاپ قويۇلغان، سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا لىمغا تىرەلگەن بىر مايماق تۈۋرۈك بولۇپ، تۈۋرۈككە پۇرقىراپ ئىسلىنىپ، لىپىلداپ يېنىپ تۇرغان قارا چىراغ ئېسىقلىق ئىدى. ئۆيدە قازان بېشىدىكى سۇنۇق كوزا، پۇچۇق ھىجىر ۋە بىر قازاندىن باشقا تىلغا ئالغۇدەك بىرەر يېرىم بىسات كۆرۈنمەيتتى. يىگىت ئۆيدىكى روزىغارغا قاراپ بۇ باخشىنىڭ نېمە يەپ ھايات كەچۈرۈۋاتقىنىنى چۈشىنەلمەي قالدى.

سۇپىدا بىر ئادەم، ھېلىقى جۇلجۇل يوتقانغا يۆلەنگىنىچە مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى. بۇ، ھېلىقى كۈنى ھويلىدا كۆرگەن جىنكەش باخشى ئىدى. بىر قاراشقا باخشىنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى مۆلچەرلەپ بولمايتتى، لېكىن ئۇ تولىمۇ قېرى، ئەمدى بۇنىڭ نېرىسىغا قېرىيالماس دەرىجىدە قېرى ئىدى. ئۇنىڭ ئاپئاق ئاقارغان چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشكەنىدى. ئۇ ئاشۇ ئاپئاق چاچلىرىنىڭ ئۈستىدىن بىر كونا ۋە يىرتىق تۇماقنى قېشىغىچە باستۇرۇپ كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ جامەك

يوغان كۆزلىرى ئۆزىنىڭ يېشىغا خاس بولـ
مىغان بىر خىل ياۋايىلىق بىلەن چاقناپ تۇراتـ
تى، ئۇ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىغان ھەر
قانداق كىشىنى سۈر باساتتى. ئۇنىڭ چىگىشـ
لىشىپ كەتكەن، كۈل رەڭ، مەينەت ساقىلى
مەيدىسىگە چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ تېنى شۇنـ
چىلىك ئاجىز ۋە نىمجان ئىدىكى گويا ئاشۇ
كەۋدىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ قانداقسىگە تىك
تۇرۇۋاتقانلىقىغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى.
شۇ تاپتا ئۇ، ئەتىسىز، قومۇشتەك ئىنچىكە
ۋە ئۇزۇن بارماقلىرى بىلەن تەسۋىگە ئوخـ
شايدىغان بىر نەرسىنى ئويناپ، چوڭقۇر خىـ
يالغا پېتىپ، سۆپىنىڭ قەيىرىگىدۇر بىر
يېرىگە تىكىلگىنىچە بېشىنى سىلىپ ئولتۇ
راتتى.

بىر چاغدا باخشى گويا بىر تەۋشىنى
سېزىپ قالغاندەك چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى
ۋە ئۆيىنىڭ تۆت بولۇڭىغا ئەلەڭلەپ كۆز تاشـ
لىدى. شوپۇر يىگىتكە، ئۇنىڭ نەزەرى
توپتوغرا ئۆزىگە قادالغاندەك بىلىندى ـ دە،
«بېشىمدىكى سېھىردي قالپاق كۈچىدىن قېلىپ،
ئۆزۈم ئەينى بويىچە بۇ باخشىغا كۆرۈنۈ
ۋاتقان ئوخشايمەن» دېگەن خىيال كەچتى
ۋە قورقىنىدىن جان پېنى چىقىپ كەتتى.
لېكىن باخشى بىردىنلا نەزىرىنى شوپۇر
يىگىت بار نۇقتىدىن يۆتكەپ ئارقىسىغا ئۆ
رۈلدى. ئۇ يەردە تامنى بويلاپ قاتار تىزىلـ
غان نامەلۇم يېشىل ئۇچقۇنلار خۇددى يېشىل
ئوت توچكىسىدەك يېنىپ تۇراتتى. شوپۇر
يىگىت گەرچە قاراڭغۇلۇقتا بۇ نۇرنىڭ
نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى.

باخشى ئۇشتۇمتۇت يېقىمسىز، ئىنچىكە
ۋە جانسىز ئاۋاز بىلەن كىملەرنىڭدۇر ئە
سىملىرىنى ئاتاپ چاقىردى:

— ئوغلىخان، جىملەك، زىۋدەك، قاقىر
خان، زۇبەيدا، سىم ـ سىم قىيا، شاخ ـ شاخ
چىنار ... ئۇشتۇمتۇت باخشىنىڭ ئارقا
تەرەپىدە سەككىز ـ ئون مۈشۈك پەيدا بولـ
دى، ئۇلار ھورۇنلۇق بىلەن كېرىلىپ،
مىياۋلاپ، بۇرۇتلىرىنى يالاپ بىرىنىڭ
ئارقىدىن بىرى مېڭىپ چىقىپ كەلدى. بۇ
مۈشۈكلەر شۇنچىلىك يوغىناپ ـ تۈزۈلەپ
كەتكەنىدىكى، ئۇلار شوپۇرنىڭ كۆزىگە مۈ
شۈك ئەمەس، بەئەينى سويۇمغا يارايدىغان
ئوغلاقلاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بايىقى يېشىل
توچكىلار مانا مۇشۇ مۈشۈكلەرنىڭ يېنىپ
تۇرغان كۆزلىرىدىن چېچىلغان ئۇچقۇنلار
ئىدى. مۈشۈكلەرگە قاراپ، ئەسلىدىلا مۈ
شۈكتىن ئۆلگىدەك قورقىدىغان شوپۇر يى
گىتنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى.

— ۋاقىت يەتتىمۇ؟! — كاركىردى باخشى
ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاتارلىشىپ زوڭزىيىپ
ئولتۇرغان مۈشۈكلەرگە خۇددى ئادەمگە
سۆزلىگەندەك سۆزلەپ، — پەيت يەتتى.
ئەمدى ئىشىمىزغا كىرىشەيمىز. بۈگۈن بىز
نىڭ كاراماتىمىز بىلەن دەشتى قۇمغا بەنت
قىلىنغان مەردۇد①، سىياكەش②، ھېكمەت
كۈي③نىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئېسىرنى تېخىمۇ
چىڭىتىمىز، ئۇلارنىڭ بەنتى ئىددىرەت④ىنى
تېخىمۇ ئۇزارتىمىز، بۇنىڭ نەسىل ـ نەۋراد
لىرىنىڭ⑤ كېسىلىنى تېخىمۇ ئەدىتىمىز،
تەلۋىلىكىنى ماقامىغا يەتكۈزىمىز. قېنى
سىلەر ھەممىڭلار ئۆز ئورنۇڭلارنى ئىگىلەپ
مېنىڭ زىكرى جەررەمگە، نەھرى ـ نالەمگە،
سېھرى كاراماتىمغا زور بېرىڭلار، بولۇڭلار
چاپسان دەيمەن ... قېنى دەيمەن شۇمـ
شۈكلىرىم ...

مۈشۈكلەر ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشىپ،
خۇشياقمىغاندەك ئەسنەپ قويۇپ، ئۆيىنىڭ
تۆت بولۇڭىغا، توغرا تامنىڭ تۆپىسىگە،
ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىغا، تامدىكى تەكچە ـ
مىراجلارغا بېرىپ جايلاشتى ۋە يېشىل

---

① قوغلانغان. ② ئالىم ـ ئۆلىما ئەھلى. ③ پەن ـ تېخنىكىغا بېرىلگۈچى. ④ بەنت قىلىنغان مۇددىتى. ⑤ ئۇرۇغى.

شىشىنىڭ چېقىندىسىدەك يالتىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن باخشىغا تىكىلىشتى. باخشى بىر هازالغىچە بېشىنى مەيدىسىگە سېلىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇردى. ئۇ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. بارا - بارا ئۇنىڭ تىنىدقى ئىتتىكلەپ ئاۋازى چوڭايدى. ئۇ جەھرىگە چۈشكەنىدى:

ئەي سىيابات، قەلەم بات، يا دەرەخ-
بات، لاتا بات،

ئۇيقۇدا بولساڭ هوشيار بول، غەپلەتتە
بولساڭ بىدار بول.

ئەي نىياز، ئەي غىياس، ئەي ئالماس
ئاڭلىمىدىڭ دېمە، ئىشىتمىدىم دېمە:
مەندۇرمەنكى بىر مىڭ بەشيۈز ئەۋلىيانىڭ
بوۋىسى،
تۆت چاھارياردىنىڭ بىرى، مورارا مەلھۇدنىڭ
پىرى،
خۇدانىڭ شىرى، ئەرلەرنىڭ ئېرى (جىنلار-
نىڭ ئېرى)
يا مەندۇرمەنكى ھەزرىتى ئېلى ...

باخشى ئۇشتۇمتۇت ئورنىدىن ئوخچۇپ تۇردى - دە، قورۇپ قالغان كۆچەتتەك ئۇزۇن قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تورۇسقا قاراپ نىدا قىلدى:

— ئەي خۇدايا خۇداۋەندە كېرىم، مەندەك سېنىڭ جامالىڭغا ھەر نەپەس تەلمۈرۈپ تۇرغان مۆئمىن قولۇڭغا مىركامال، شەيخ جابىبدەك ئىمان ئاتا قىلغىل، شەيخۇلئالەم، شەيخ شەمسىددىن كامالدەك ئەقىل ئاتا قىلغىل، پىرىم نەقشىبەندىدەك سېھىردى قۇدرەت مەئدۇر - مۆتىبەرلەك ۋە تاجۇ - تەخت ئاتا قىل، ھېكىمنى سەگەك قىل، تەتۈر دۇئايىمنى ئۆتكۈر قىل، نەھرىمنى كۈچلۈك قىل، غەزىپىمنى ئاتەش قىل، ئىش - مەشغۇلاتىم، نىيەت - قارارىمنى پىنھان قىل، ماڭا كەلگۈسى زىيان - زەخمەتنى نەھىي قىل، كۆڭلۈمدە قارار تاپقان غەرەز كويۇمغا كۆيۈش بېرىپ ماڭا ھىدايەت - نۇسرەت مۇشەررەپ قىلغىل، ئامىن ...

باخشى كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ئۆزۈندىن - ئۆزۈن پىچىرلاپ ئالقانلىرى بىلەن يۈز - كۆزىنى سىيپىدى، ئاندىن بىردىنلا ئوچۇق تۇرغان يوڭلۇق مەيدىسىگە مۇشتلاپ - شاپلاقلاپ جەھرى قىلدى:

قولۇم تۇتۇق ياپىردىم، مەندە قۇۋۋەت
قالمىدى،
يولغا سېلىڭ ياپىردىم، مەندە غەيرەت
قالمىدى.
نەقشىبەند ۋارىسىمەن، يوقلاڭ، كېلىڭ،
تاشلىماڭ،
نەزەر ئەيلەڭ ياپىردىم، مەندە ھىممەت
قالمىدى.

ئۇ يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كۆزىنى يۇمۇپ، ئۆزىنى ئىككى يانغا تاشلاپ نالە قىلاتتى:

ئەزىز پىردىم، ماڭا ئەيلەڭىز نەزەر،
ئاسىيمەن ئالەمدە يۈرگەن بىنەزەر.
قىلار ئىشىم تەپرىقچىلىق، جەڭ - ئاراز،
ئۆزۈم ئىبلىس - مەكرىدۇرمەن ئەل ھەزەر.
سوپى - باخشىدۇرمەن كۆڭلۈمگە غەرەز
تولغان،
ساقال - چاچلىرىم بۇ يولدا يايلى - قۇي-
رۇق بولۇپتۇر.
جېنى تىرناقلىرىم ئەمدى ئۆزگىرىپ
تۇۋاققا،
ماڭا ئىشەك بولماققا بۇيرۇق بولۇپتۇر.
مېنىڭ ئىشىم بىرلە، ئەلنىڭ قېنى تۆكۈل-
مەكلىك،
ئىناقلىق، ئۇيۇشقاقلىقىنىڭ تامى چاك
بولۇپ سۆكۈلمەكلىك.
ئەنە ئەل - يۇرت چىشلەشىپ ئېلىشماق-
تىدۇر،
قارشى كەلسە كىم، ئالدى - ئارقىسىدىن
پىچاق سېلىشماقتىدۇر.
يارچىسى بىر - بىرىنى سۈرۈپ ھەر يان،
كىم قېچىپ، كىم قوغلاشنى بىلمىدىلەر.

www.uyghurkitap.com

ھەسەت ئىچرە، تۇزان ئېلىپ كۆزىنى،
كىم تونۇر ئۇندا ياۋ بىلەن ئۆزىنى.
ئۇتىشىپ، بىر - بىرى بىرلە قۇچاقلاشىپ،
گەر قىلىچ بولمىسا كوچىلاشىپ، پىچاقلاشىپ.
نادانلىق - تەپرىقچىلىق زەخمىدىن ئاقماقتا قىزىل قانى،
قىينىلار چىقماستىن نەچچىسىنىڭ جانى...

باخشى ئورنىدىن قاڭقىپ قوپۇپ قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى:

— يىلان قەپىزدىكى قۇشقاچنى يېدى، كىرپە كېلىپ يىلاننى يېدى، تۈلكە كىرپىنى يېدى، تۈلكىنى سەييات ئاتتى، ئاخىرى سەيياتمۇ ئاتتىن يىقىلىپ بوينى ئۈزۈلدى ...

باخشى بىردىنلا «قىھ - قىھ» قىلىپ خىرقىراپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى ھۇقۇشنىڭ ھۇۋلىشىدەك مۇدھىش ئىدى. ئۇ تۇرۇپلا يىغلىدى:

مۇناجاتىم قوبۇل ئەتكىل خۇدايىم،
ياراتقۇچىسەن ئۆزۈڭ پادىشاھىم.
ماڭا شۇل دەم ئۆزۈڭ رەھىم ئەيلە،
كەچۈرگىل كۆپ بولسىمۇ گۇناھىم.

باخشى يىغىدىن توختاپ، تورۇسقا قاراپ پىچىرلىدى ۋە بىردىنلا ئايانچىلىق ئاۋازدا خىتاب قىلدى:

ئىبرەت بىرلە قىل نەزەر، بۇ يەرگە كەل، بۇ يەرگە كەل،
بولماستىن زەرۇ - زەۋەر①، بۇ يەرگە كەل، بۇ يەرگە كەل.
بەن بۇدەم قاشىمغا كەل، كۆزۈڭنى ئاچ، خىزمەتتە بول،
ئىلكىمدە جادۇ - سېھىر بۇ يەرگە كەل، بۇ يەرگە كەل.

① ئاستىن - ئۈستۈن.

باخشى كونىرىغان ئۈزۈن تونىنىڭ ئالدىنى داغدام يېشىۋەتتى - دە، بېشىدىن تۇمىقىنى ئېلىپ چۇلچۇل يوتقاننىڭ ئۈستىگە پىرقىرىتىپ ئاتتى. ئاندىن قوللىرىنى يېيىپ ھېلىقى تۈۋرۈكنى دەۋر قىلىپ ئايلانغىلى تۇردى:

— كېلىڭلار، كېلىڭلار، يەتتە مەنزىلدىن كېلىڭلار، پەرىزات - دىۋىلەر كېلىڭلار، مۇئەككەللەر كېلىڭلار، ئالتۇن ئىگەرلىك كۈمۈش جابدۇقلۇق دۇلدۇل - رەخشلەرگە مىنىپ كېلىڭلار. قويۇچ گۈرزىلىك، زۇلپىقار قىلىچلىق مۇئەككەللەر كېلىڭلار، قاناتلىق ئارغىماقتا مىنگەن لەئىن مولھىد مەھرەم ھەراۋۇللار كېلىڭلار. جاللات سۈپەتلىك ياساۋۇللار كېلىڭلار. مېنىڭ ئاۋازىم ئەمەس، نەقشىبەند پىرىمنىڭ ئاۋازى، مېنىڭ نىدائىم ئەمەس، شەيخ ھۇسەيىن باخىرزى، خوجاكامال شەيخۇلئالەم، شەيخۇل شەمسىددىن كامال، خوجا ئاپپاقنىڭ نىداسى ... ئاشىق سۈپەت گۈل بەدەن ئاياللار سۈرىتىدە كېلىڭلار، مەرمەر تاشقا ئوخشايدىغان بەدىنىدە قان يوق ئەركەكلەر سۈرىتىدە كېلىڭلار، ئاشقلارنىڭ كۆڭلىدىن ئىسسىقراق، تاشلىرى بېخىلنىڭ كۆڭلىدىن قاتتىقراق ھەپتىخانىدىن كېلىڭلار، خوجا ئاپپاق خۇيلۇق، جەئفىرى سادىق سۈپەت، قىزىل يۈزلۈك، غورۇلاي كۆزلۈك، چاچلىرى بۇدۇر - بۇدۇر، چىشلىرى گۆھەر ۋە دۇر جىن - شاياتۇنلار كېلىڭلار، يەرنىڭ يۈزىنى ئالىدىغان، كۈننىڭ كۆزىنى ئالىدىغان ھۆرى غىلمانلار كېلىڭلار، سەلتەنەت داغدۇغىسىنى قىلىپ كېلىڭلار، قەسىرى ئاردىپاندىن كېلىڭلار، قەسىرى زەبەرجەدتىن كېلىڭلار، ئاشىيانلاردىن كېلىڭلار، مېنى دەۋر قىلىپ

مەھەللى بولغىلى كېلىڭلار، ھۆكەر ئۆچۈمدەك يىغلاپ مېنىڭ كۆلبەمگە كېلىڭلار. بۇ قورۇددىكى سۇخەنگۆي①، سەراجلارنى②، شېرىغىرانلارنى③ دۇئايى بەند قىلىپ دەشتى قۇمغا مەردۇد قىلدىم. مەغرۇرلارنى سۇندۇردۇم، جەسۇرلارنى كۆڭلى مومدەك ئېرىگەن مۆمىنلەرگە ئايلاندۇردۇم. ئۇلارنىڭ ئائىلە ئۇرۇقىنى بىر - بىرىگە دۈشمەن قىلدىم. قېرىنداشلىقتىن يىراق قىلدىم. ئوغۇللىرىنى كەيپ، پۇل، زىنا ۋە قانخورلۇققا ئاشىنا قىلدىم. قىزلىرىنىڭ دىلىدىكى ھايا ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، يۈزىدىكى ئۇيات پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە زىنا - شەھۋەتنىڭ ئوتىنى سالدىم. ھېكمەتكۆي، سىياكەشلەرنى پىتنە - پاساتنىڭ لاۋاسىنى يەلپۈپ ئۇلغايتىدىغان ئەرزان باھالىق يەلپۈگۈچ قىلدىم، جاھانسازلىقنىڭ جارچىلىرىغا ئايلاندۇردۇم. ئەمدى زەلىل④ بولدۇم، تەندە ماغدۇر قالمىدى، جان تۇتىسى تەن قەپىزىدىن ئۇچۇپ كېتەر ھالەتكە يەتتىم، جەھەننەمگە سەكبان بولماق ھالىغا چۈشتۇم. ماڭا ھەمدەم بولغىلى كېلىڭلار، ماڭا زور بەرگىلى كېلىڭلار، جانىمغا ئابى قۇۋۋەت، سېھرىمگە مۇشرىك بولغىلى كېلىڭلار، ئەلەيھىن لەئىنە - دەججال سۈپەتتە قارا قويۇن چىقىرىپ، نەرە تارتىپ كېلىڭلار...

باخشى ماغدۇرسىزلىنىپ قاپقارا تەرگە چۆمدى. ئۇ شۇ تاپتا «ئاھ» دېسە ئاغزىدىن لاۋا ئېتىلىپ چىققۇدەك ھالغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى سالۋاراپ يۈز - كۆزىنى يېپىۋالغانىدى. ئۆيئىچى ئۇنىڭ ئاغزىدىن توزۇغان چاڭ - توزان بىلەن بەتتەر غۇۋالاشتى. بىر كەمدە باخشى ئورنىدا «چىپپىدە» توختاپ تورۇسقا قاراپ، كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلىپ كىملەرگەدۇر دوق قىلىپ ۋارقىرىدى:

جىن - شاياتۇنلار خىتابىم، جىممىدە ئاڭلاپ
تۇرۇش!
ھەممىڭىز جۇش ئۇرسا بۇندىن ئەرشىئەلا
بارىمەن.
باشلىرىڭغا بالا بولۇپ، غەزەپ تىغى بولۇپ
بارىمەن.
ئەفسۇنۇم مەردى قىلىچتۇر، ئەمرۇ قەتلى-
دىن نىشان،
رەجەل غايىب ئەھلىگە سۇلتان جاھان بو-
لۇپ بارىمەن.
ئىختىيارىم يوق ئۆزۈمدە، غەرىزىم دەي -
دەي سالۇر،
بىلمىشكىنىڭكى جانلىرىڭغا قارا بالا بولۇپ
بارىمەن!
قايىر سوپىدۇركى ئېتىم، پىرىم مېنىڭ
نەقشىبەند،
بار خەۋەر بولغىن سېنى ئەيلەپكى يەغما
بارىمەن!

باخشى ئۇشتۇمتۇت «گۆپ» قىلىپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن مازغاپ قايناپ، كۆزلىرىنىڭ قارىسى يۇقىرىسىغا تارتىلدى. باخشىنىڭ پۇت - قوللىرى ياغاچتەك قېتىپ، خۇددى توك سوققۇۋەتكەندەك تىترەيتتى. جاۋغىيىدىن يۇڭۇلداپ چىققان ئاپئاق كۆپۈكچە، ئۇنىڭ ئىپلاس ساقىلىنى بويلاپ ئاقاتتى. قومۇش قەپەزدەك ئەتىسىز كۆكرىكى شىددەت بىلەن كۆتىرۈلۈپ چۈشەتتى.

باخشى شۇ تەرىزدە بىر ھازا ياتقاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلگەندەك بولۇپ، ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى، ئاندىن تۇيۇقسىز ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ تورۇسقا قاراپ قولىنى جۇنۇپ ھاياجان بىلەن ۋارقىرىدى:

— مانا... ماڭا... ئەنە... ھۆرىلەرنىڭ، ئەشرەپلەرنىڭ جازىبەسى كۆرۈندى.

---

①سۆزمەن ناتىق. ②ئەلنىڭ تاجىسى، نامۇندار كىشى. ③قۇرامىغا يەتكەن شىر. ④ناچار، قەدرسىز.

www.uyghurkitap.com

دۇ - پەرىلەرنىڭ جازىبىسى جاھاننى تىترىتىۋاتىدۇ. ئۇلار نەرە تارتىپ نەغمە - ناۋا بىلەن غەزەپ زورقىلىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

مانا... مانا... ئەنە... ئەنە...

باخشىنىڭ قارامتۇل يۇدەش چىرايىدا كۈلكە پارلاپ كەتتى. ئۇ ھاياجاندىن ئالقانلىرىنى بىر - بىرىگە سۈۋاپ، قوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى بايىقى بىچارىلىك ۋە بىشەملەرچە تەرسالىقنىڭ ئورنىنى ئەمدىلىكتە كۆرەڭلىك ۋە تەلۋىلەرچە خۇشاللىق كېلىپ ئىگىلىگەنىدى. ئۇ، ئۆيىنىڭ تۆت تېمىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ئاندىن ئۆيىنى بىر قانچە قېتىم ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت سۇپىدىن سەكرەپ پەگاغا چۈشتى ۋە ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىكى ئاغزى يېپىق كوزىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا قولىنى سالدى ۋە پىلتىڭلاپ تۇرغان نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئېلىپ سۇپىغا قايتىپ كەلدى - دە، قولىدىكىنى سۇپىغا تاشلىدى. شوپۇر يىگىت سىنچىلاپ قارىۋىدى، ئۇنىڭ كۆزىگە سونايلاپ ياتقان بىر تال پاقا كۆرۈندى. باخشىنىڭ كوزىدىن ئالغىنى ھەقىقەتەن پاقا ئىدى. پاقا گەرچە تىرىك بولسىمۇ، شۇتاپتا ئۇ تۆت پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ دىرىلدەپ تىترەپ ياتاتتى. باخشى پاقىنىڭ ئۇدۇلىغا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى - دە، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ پاقىغا ھۈردىگىلى تۇردى:

— كېلىڭلار، كېلىڭلار، دۇئايى ئەفسۇننى باشلىدىم، ئەسكى تۈگمەنلەردىن كېلىڭلار، يالغۇز دەرەخلەردىن كېلىڭلار، جان سارايىغا كىرىڭلار، بەدىنى بىغەشىغا كىرىڭلار، تەتۈر دۇئايىمغا مەدەت بېرىڭلار، كۆرەك ۋە مەغرۇر جاھان بۇزدى سىياكەش، ھېكمەتكۇيىغا دوزاخنىڭ ئازابىنى بېرىڭلار، كېسەلىنى قوزغاڭلار، ئىسىرىنى تۇتقۇزۇڭلار...

ئۇندىن كېيىن باخشىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمىدى، ئۇ كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپ، ئىككى تەرەپكە ئۆزىنى تاشلاپ چۈشىنىكسىز بىر خىل تىل بىلەن نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ كۈدۈڭلايتتى.

ئۇ شۇ تەرىزدە ناھايىتى ئۇزاق ئوقۇدى. بىركەم بولغاندا كۆزىنى «لاپپىدە» ئېچىپ، ئۇدۇلىدا ياتقان پاقىغا قادالدى. بۇ چاغدا پاقىنىڭ قورسىقى كۆپۈپ پۇتلىرى ھەرىكەتتىن قالغانىدى، شۇ تاپتا ئۇ پاقا دۈپدۈگىلەك يەل پۇكۈزەككە ئوخشاپ قالغانىدى. پاقىنىڭ قورسىقى ھېلىلا «پاڭگىدە» ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. بىچارە پاقا ئاللىقاچان ئۆلگەنىدى. باخشى پاقىنىڭ سىياقىغا قاراپ ئىچىقارىلارچە خىرقىراپ كۈلۈۋەتتى.

— مانا... دۇئايىم ماقامىغا يەتتى. پاقىنىڭ قورسىقى كۆپتى. شۇ تاپتا ھېلىقى سىياكەش قوغلاندىنىڭمۇ قورسىقى گۈمبەزدەك ئىششىپ، كۆپۈپ يېرىلغۇدەك بولدى. ئۇ ھازىر دەشتى باياۋاندا ئاغرىقىنىڭ ئازابىغا چىدىماي بىر ئۇنى يەردە، بىر ئۇنى ئاسماندا نالە قىلىپ ياتماقتا. ئەمدى ئۇنىڭ بالايىۋاقىلىرىنىڭ ئىسىرىنى قوزغايمەن... يا نەقشىبەند پىرىم، ئۆزۈڭ قوللىغايسەن، سېھىردى جادۇمنى ئەۋجىگە كۆتۈرگەيسەن...

باخشى يەنە كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، ئىككى تەرەپكە تەۋرىنىپ، پىچىرلاپ گۈڭۈلدىغىلى تۇردى.

ئاستا - ئاستا ئۇپۇق تەرەپ ئاقىرىشقا باشلىدى. يىگىت كۆرگەنلىرىنى ئېسىگە مەھكەم خاتىرىلىۋېلىپ، بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنى نىيەت قىلدى. بۇ چاغدا باخشى تەتۈر دۇئا ئوقۇپ ئولتۇرغان يېرىدە مۈگدەپ، ئاخىرىدا قاتتىق خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. بۇ— ئۇنىڭ بىر كېچىلىك پائالىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن يىگىت ھېلىقى

قازناق ئۆيدە ئۆزىنى ئۆت كۆر بولۇپ كۈتۈپ ئولتۇرغان ساھىبجامال قورئەنداز قىزنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى ۋە كۆرگەنلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى ۋە ھارغىنىدىن قىز ئۇنىڭغا ئاتاپ تەييارلاپ قويغان يۇمشاق تۆشەككە ئۆزىنى تاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى. قازا ئەتلەنگەن قىز يىگىتنى ئارام ئېلىۋالسۇن، دەپ ئاستاغىنە چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقار ۋاقتىدا قازناق ئىشىكىنى قۇلۇپلىۋەتتى. بولمىسا كىملەردۇر كىرىپ قېلىپ ھارغان، چارچىغان يىگىتنى بىزاۋتە قىلىشى ياكى كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېرىپ، ئىشىنىڭ مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى...

يىگىت كەچكىچە ئۇخلىدى. قىز پات - پات قازناق ئۆيگە كىرىپ، يىگىتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. ئەل ياتقۇ بولغاندا شوپۇر يىگىت سۇلايمان قالپاقنى بېشىغا كىيدى - دە، يەنە قايىر باخشىنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولدى (پەيدا بولغىنىنى پەقەت ئۆزىلا بىلەتتى). قورئەنداز قىز بىلەن شوپۇر يىگىتنى قايىر باخشىنىڭ شۇملۇقىنىڭ يېڭى نۇسخىلىرى قىزىقتۇراتتى.

قايىر باخشىنىڭ جىنايى ئىشلىرى يەنە تۈنۈگۈنكى رىتىم بويىچە باشلاندى— ئاۋۋال ئوغلاقتەك يوغىناپ كەتكەن مۈشۈكلىرىنى

چاقىرىپ ئۇلارنى جىسمەكچىلىككە قويدى، ئاندىن بىر - ئۇستازلىرىنىڭ روھىدىن مەدەت تىلىدى. ئاخىرىدا جىن - شاياتۇنلارنى ياردەمگە چاقىردى. يۇقىرىدىقى جىنايى تەرتىپلەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قايىر باخشى ئالدىغا يۇرۇچتىن ياسالغان بىر تال قورچاقنى تىكلەپ قويدى - دە، قورچاققا قاراپ بىر ھازاغىچە سوفكەشلىدى.

—زۇبەيدا ... سىم - سىم قىسىپا، — دەپ

خىرقىرىدى باخشى يۇرۇچ قورچاققا بىر ئاش پىشىم سوفكەشلىگەندىن كېيىن زەئىپ ئاۋازدا. بىر قارا مۈشۈك بىلەن بىر تاغىل مۈشۈك ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ زوڭزايدى ۋە باخشىنىڭ ئاغزىغا قۇللارچە ئىتائەتمەنلىك بىلەن كۆزلىرىنى تىكىشتى.

—مۇنۇ قورچاقنى ئوڭ چەپتىكى كاسىپنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ، كات ساندۇقىنىڭ ئارقا تەرىپىگە تاشلاپ قويۇڭلار، شۇ تاپتا ئۇ كاسىپ ئۆزىنىڭ ئامراق خوتۇنىدىن بىزار بولۇپ ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ دەشتى - سەھرادا سەرسان بولۇپ يۈرۈيدۇ. مېنىڭ قورچاققا قىلغان سېھرىي كارامىتىمدىن ئۇنىڭ ئاي يۈزلۈك خوتۇنى ئۇنىڭغا قەھقەر

جادۇ سىياقىدا كۆرۈنىدۇ. كاسىپ ھەر قېتىم خوتۇن - بالىلىرىنى يادلاپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىشنى ئارزۇ قىلغىنىدا ئۇنىڭ كۆزىگە خوتۇنى يەتتە باشلىق يالماۋۇز، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك بالىلىرى چوشقىنىڭ كۈچۈكلىرى سۈرىتىدە كۆرۈنىدۇ - دە، ئۇنىڭ تېنىگە قورقۇنچ ئولىشىپ، ئۇنى تىترەك باسىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆز ئۆيىدىن تېخىمۇ يىراققا قاچىدۇ. ئۇنىڭ ئىگىسىز قالغان خوتۇن -

بالىلىرى مەن مۇپتىلا قىلغان ئېسىر - ئاغرىق بىلەن ھايۋان كەبى ياشايدۇ... مانا بۇلار ماڭا ياقىدۇ. مۇبادا كاسىپ قايتىپ كەلسە، مېنىڭ جېنى ئەجىرىم بىكار بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەسلىگە يېنىپ قالىدۇ. شۇڭا ھەر كۈنى مۇشۇنداق قورچاقتىن بىرنى ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگۈزۈپ، كاسىپنىڭ قايتىپ كېلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىمەن. قېنى شۇم مۈشۈكلىرىم، قورچاقنى ئېلىڭلار - دە، ئاشۇ ئۆيگە قاراپ جۆنەڭلار، ئۇلار ھازىر قاتتىق ئۇيقۇدا، ئۇلار ئۇيقۇسىدىن ھازىرچە قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ئەزان

قىچقارسىمۇ ئويغانمايدۇ، ئۇلار ئېسىرنىڭ كۈچى بىلەن كەلگەن غەپلەت ئۇيقۇسىدا بىر ياتسا، ئورنىدىن قوپماي ئۈگىدىسىگە ئۈچ كۈن، ئۆرۈلۈپ دۈم بولۇپ ئۈچ كۈن ئۇخلايدۇ. قېنى ئاتلىنىڭلار يۇندا قولاقلىرىم... قىھ... قىھ...

باخشى مۇناپىتلارچە راھەتلىنىپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قاراكۆك چىرايىدا ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ جەسىتىگە قاراپ ھوزۇرلىنىۋاتقان قاتىلنىڭ خۇشاللىقى چىلىۋە قىلاتتى.

تاكمۇ سۆزلۈشكە باشلىدى. شوپۇر يىگىت باخشىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ قازناقتا پەيدا بولدى ۋە ئۇ يەردە كەچ كىرگىچە ئۇخلاپ يەنە ۋاقتى - قارارى يەتكەندە باخشىنىڭ قاراڭغۇ كۆلبىسىگە قاراپ شۇڭغۇدى.

بۇ كۈنى كېچىدە، قايىر باخشى تۇمىقىنى ئالدىغا قويۇپ ئۇنىڭغا بىر تال يوتقان يىڭنىسىنى سانچىپ قويۇپ، يىڭنىگە ئوقۇدى. شوپۇر يىگىت قايىر باخشىنىڭ مۇشۇكلىرىگە چۈشەندۈرۈشلىرىدىن ساھىبجامال قۇرئەنداز قىزنىڭ دادىسىنىڭ مۇشۇ باخشىنىڭ يىڭنىگە ئوقۇپ قىلغان قەستىدىن ئىستىخا كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ۋە دەشتى باياۋانغا دۇئايى بەنت قىلىنغانلىقىنى، قىزنىڭ ئاپىسى ۋە ئاكىسىنىڭ باخشى يۈرگۈزگەن قەست بىلەن، سۆز بىلەن تەرىپلەپ بولغىلى بولمايدىغان غەلىتە ۋە يىمەنە كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى، قىزنىڭ بىلىمى بەك تېرەن بولغاچ ۋە ئۇنىڭ قولىدا ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان ئۇلۇغ كىتاب بولۇپ، ئۇنى كېچە - كۈندۈز قولىدىن چۈشۈرمەي مۇتالىيە قىلىپ ئولتۇرغىنى ئۈچۈن باخشىنىڭ قىلغان قەستىنىڭ بىرلا ئاشۇ قىزغا يولۇشمەي، ئۆتمەي قالغانلىقىنى، لېكىن باخشىنىڭ بىر كۈنى بولمىسا، بىر كۈنى ئاشۇ سىياكەش، ھېكمەتكۆي قىزنىمۇ ئاشۇ ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قەسەم ئىچكەنلىكىنى ھەم مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن جادۇ - سېھىرنىڭ، ھىيلە - نەيرەڭنىڭ جىمى خىلىنى مۇتالىيە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالدى.

ئەتىسى كېچىدە، قايىر باخشى ئالدىغا كۈلىچىلىك تاشتىن ئونبىر تال تۆكتى ۋە ئۇنى يۈرەك شەكلىدە تىزىپ ئاشۇ تاشلارغا قارىتىپ سۈفكەشلەپ، ياندۇرۇشلاپ تەتۈر ئايەت ئوقۇدى ۋە ئاخىرىدا مۇشۇكلىرىنى چاقىردى:

— مانا بۇ بولسا، — دېدى باخشى تىزىلغان تاشلارنى مۇشۇكلىرىگە كۆرسىتىپ، — ئادەمنىڭ يۈرىكى، مەن بۇ يۈرەككە 74 خىل ئايەتنى تەتۈر ئوقۇدۇم، سىلەر بۇ تاشنى ئېلىپ بېرىپ سول چەپتىكى ئۆينىڭ موردىسىدىن ئوچاققا چۈشۈڭلار ۋە ئوچاقنىڭ دەل قازانغا ئۇدۇل يېرىنى كولاپ، بۇ تاشلارنى كۆمۈپ قويۇپ قايتىپ چىقىڭلار، ئۇ ئۆيدىكىلەر ھەر كۈنى ئوچاققا ئوت ياققاندا بۇ تاشلار ئوتنىڭ تەپتىدىن قىزىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلا سائەتتە دەشتى قۇملۇققا دۇئايى بەنت قىلىنغان ئۆي خوجىسى بولمىش ئەركەكنىڭ غولىمۇ قىزىپ، ئېچىشىپ ئاغرىشقا باشلايدۇ. ئوت ئۇلغايغانسېرى ئۇنىڭ ئېغىزمېڭى تاغىقى بىلەن قوشۇپ خۇددى قىپقىزىل قىزدۇرۇلغان كەتمەننى ياققاندەك كۆيدۈرۈپ چېقىپ ئاغرىيدۇ. بۇ ئازابتا چىدىمىغان ئۇ سۇرگۈندى سايىق جاھاننى بېشىغا كىيىپ «ئاللا - توۋا» كۆتۈرۈپ چالا بوغۇزلانغان كالىدەك ھۆركىرەپ قۇملۇقتا ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە چاپىدۇ، غولىنىڭ ئاغرىقىغا ھېچقانداق داۋا تاپالمايدۇ. ئۆيىگە قايتىپ كېتەي،

دەپ ئۆي جايلاشقان تەرەپكە بىر قەدەم چامدىسا، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئۇدۇلنىڭ ئالدىقى ئون ھەسسە كۈچەيدۇ، ئىككى قەدەم چامدىسا قىرىق ھەسسە كۈچەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيىنىڭ قارشىسىغا قاراپ يۈگۈرەيدۇ. يۈگۈرگەنسېرى ئۆيىدىن يىراقلاۋېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆيدىكىلەرنى ــ ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى ھېلىقى ساقايماس كېسەل بىلەن گۆر تەرەپكە يۈگۈرتىمەن...

ــ قېنى، مېنىڭ مۇدھىشلىكتە مېنىڭدىن قېلىشمايدىغان، چەبدەسلىكتە، مەككارلىقتا تۈلكىنىمۇ تاڭ قالدۇرىدىغان غالجىر ئاسلانلىرىم، بۇ تاشلارنى ئېلىڭلار-دە، مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى بىجا كەلتۈرۈپ، مېنىڭ قارا كۆڭلۈمگە چىراغ يېقىڭلار، مېنىڭ ئۆلۈۋاتقان جېنىمغا راھەت ۋە كۈلكە بېرىڭلار، ــ دېدى باخشى ھەر بىر مۈشۈكنىڭ دۇمبىسىنى سىلاپ ئەركىلىتىپ.

باخشىنىڭ ئۈنى بوغۇلۇپ، دىمى سىقىلغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئۇيقۇسىزلىققا كۆنۈپ كەتكەن ھۇقۇشنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر ۋە قەھرلىك كۆزلىرىدە بىر خىل ياۋۇزلۇق چاقناپ تۇراتتى. ھېلىقى مۈشۈكلەر دەررۇ ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كېلىپ، ھەر بىرى بىرتال تاشنى چىشلەپ ئۆيىدىن غايىب بولۇشتى. شوپۇر سانىۋېدى، مۈشۈكلەر توپتوغرا ئونبىر بولۇپ چىقتى. مۈشۈكلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن باخشى گويا تولىمۇ مۇشەققەتلىك ۋە ئۇلۇغ بىر ئىشنى بىجا كەلتۈرگەن باھادىر غالىبتەك قەددىنى رۇسلاپ قاقاھلاپ كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن شوپۇر يىگىتىنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ، ئەت - يېنى مۇزلاپ تىكەنلىشىپ كەتتى. شوپۇر غالجىر باخشىنىڭ مۇدھىش كۈلكىسىنى قالدۇرۇپ، باخشىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

قۇرئەنداز قىز بىلەن شوپۇر يىگىت قازناق ئۆيدە بىر - بىرىگە روبىرو قارىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. قىزنىڭ قەلەمدەك قاشلىرىنىڭ قويرۇقى تىكىلىنىپ چىرايلىق پېشانىسى تۈرۈلگەنىدى، نېپىز لەۋلىرى چىڭ ھەمىرىلگەنىدى. شوپۇر يىگىت قىزدىن كۆزىنى ئالماي ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە قاراپ ئولتۇراتتى. قىز شۇ دەمدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟

قۇرئەنداز قىز قولىدىكى كىتابىنىڭ بېشارىتى ۋە ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن، باخشىنىڭ قىلىپ يۈرگەن شۇملۇقلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيتتى. لېكىن ئۇنى بۇ قەدەر زەھەرلىك، بۇ قەدەر خەۋپلىك دەپ ئويلىمىغانىدى. شوپۇر يىگىتنىڭ مەلۇماتى ئۇنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. بۇ باخشى قورۇدىكىلەرنى نەچچە ئەۋلادىغىچە ئېسىنى تاپالماس دەرىجىدە بۇزۇۋېتىشنى ئۆزىگە ئاخىرقى مەقسەت قىلىپ قويغانىدى. مۇبادا باخشىنىڭ جىنايى ئىشلىرى ئەمەلگە ئاشسا، ئۇ چاغدا...

قىز ئۇشتۇمتۇت ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى ۋە قەتئىي قىلىپ دېدى:

ــ بىرىنچى قەدەمدە قايىر باخشىغا ئۆزى ئاشۇ بەختسىزلەرگە قىلغان قەستىنى ئۆزىگە ياندۇرغۇزۇش، شۇنىڭ بىلەن تىرىك تۇرۇپ دوزاخ ئازابىنى تارتىۋاتقان بەختسىزلەرنى قۇتقۇزۇش، ئىككىنچى قەدەمدە بۇ مەلئۇن باخشىنى بۇ قورۇدىن شۇ كۈننىڭ ئۆزىدىلا قوغلاپ چىقىرىش ۋە ئۇنى بۇ تەرەپلەرگە ئەبەدىي قەدەم باسقۇزماسلىق، مانا بۇ بىزنىڭ ئاخىرقى ۋە ئالىي مەقسىتىمىز بولسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئۇ ماقۇل بولامدۇ؟ — شوپۇر يىگىت ئەنسىزچىلىك بىلەن سورىدى.

— ئۇنى مەجبۇر قىلىمىز! — كەسكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى قىز، — ئۇنىڭغا كۈچىمىز يېتىدۇ، گەپ بىزنىڭ نىيەت، ئىقبالىمىزنىڭ ساپلىقى ۋە ئىرادىمىزنىڭ مەھكەملىكىدە. مۇبادا بىز ئەل ئىشى ئۈچۈن يىگىتلىك كەمىرىنى مەھكەم باغلاپ كۆرەشكە چىقساق، باخشى بەرداش بېرەلمەيدۇ. بىزنىڭ ئىشىمىز ھەققانىي، ئىسلام ھەقىقىتى بىزگە يۆلەك، جامائەت بىزنى قوللايدۇ، قانۇن بىزگە ھىمات بولىدۇ.

قىز تەكچىدىن قېلىن كىتابىنى ئېلىپ ئاچتى:

— مۇبادا بىز باخشىنىڭ قەستلىرىنى ئۆزىگە يانىدۇرغۇزۇپ، دەشتكە دۇئايى بەنت قىلىنغانلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئۆز بالا - ۋاقىلىرى بىلەن جەم قىلالىساق، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ بالا - ۋاقىلىرى دەررۇ ئەسلىگە يانىدۇ. ئۇلار ئۆز ئاتىلىرى بىلەن ئىجىل - ئىناق بولۇپ، ئۇنىڭ پېشىنى مەھكەم تۇتسىلا باخشىنىڭ قەستى ئۇلارغا ئەبەدىي يورۇشمەيدۇ. بىز ئۇلارنى جەم قىلىپلا توختىماي ئۇلارغا ئۆز ئەجدادلىرىنى ئۇنتۇلۇشنىڭ نەقەدەر خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىمىز.

— مەن بۇ ساۋابلىق ئىشتا ھەرقاچان سىزنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىڭىز ۋە دوستىڭىز مەن، — دېدى يىگىت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تەنتەنە بىلەن.

قىز يىگىتكە ئوتلۇق كۆزلىرىنى تىكتى، ئاندىن تەبەسسۇم بىلەن يىگىتكە باش ئەگدى.

— قۇللۇق! رەھمەت دوستۇم، سىزگە قۇللۇق...

— قاچان باشلايمىز؟ — سورىدى يىگىت تاقەتسىزلىنىپ.

— ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا... لېكىن مەن سىزگە ئىككىنچى قورالنىڭ ئىشلىتىش يوللىرىنى ئۆگىتىشىم كېرەك، ئۇڭغىچە ئەلىيا تقۇ بولىدۇ، دەل شۇ چاغدا...

يىگىت ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى، قىز يىگىتنى ئىما قىلىپ چاقىردى، يىگىت قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى.

تىرىشچان شاگىرت ئۇستازىدىن ساۋاق ئېلىش ئالدىدا قانداق تەشنالىق، تاقەتسىزلىك ئىچىدە ھاياجانلانسا، شوپۇر يىگىتمۇ شۇ تاپتا مۇشۇ جىددىي ۋە ئۇلۇغۋار قىيا پەتتە تۇرغان قۇرئەنداز قىزنىڭ گۈزەل جامالىغا ئەنە شۇنداق تاقەتسىزلىك ۋە تەشنالىق بىلەن تىكىلدى.

شوپۇر يىگىت قايىر باخشىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگىنىدە باخشى ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە جىن - ئالۋاستىلارغا ئىلتىجا قىلىپ نالە قىلىۋاتاتتى. ئۇ، سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغىنىچە ھەدەپ توروسقا قاراپ ۋارقىرايتتى، چاچلىرىنى يۇلۇپ نالە قىلىپ يىغلايتتى. مۇدھىش ئاۋازدا قاقاھلاپ كۈلەتتى...

يىگىت تاقىتىنى تەسلىكتە بېسىپ باخشىنىڭ تەلۋىلىكىگە بىر ھازاغىچە قاراپ تۇردى. ئۇ، باخشىنىڭ ھاسىراپ، تېخىمۇ كۈچسىزلىنىشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

بىر چاغدا باخشى توروسقا قاراپ غودۇڭشىدى ۋە ئۆيىنى ئايلىنىپ پىرقىراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئېغىر ئىدى، ئۆزى سەنتۈرۈلۈپ ئاران ماڭاتتى، چىلىق-چىلىق قارا تەرگە چۆمگەنىدى.

شوپۇر يىگىت «ئەمدى پەيت يەتتى» دەپ

ھېسابلىمىدى-دە، يىگىتنىڭ ئىچىدىن بىر تال كالتەكنى چىقاردى. بۇ ھېلىقى كۈنى قىزنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئۆزى ھېلىقى خارابە ئىچىدىن تېپىپ كەلگەن كالتەك ئىدى. يىگىت كالتەككە قاراپ قەتئىي ئاھاڭدا:

— ئۇر توقمىقىم! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

يىگىتنىڭ سۆزىنىڭ ئايىغى تېخى تۈگەر-تۈگ-مەيلا، يىگىتنىڭ قولىدىكى كالتەك خۇددى كۆزگە كۆرۈنمەس بىر قول بىلەر بېشىدىن يۇقىرىغا تارتىۋاتقاندەك سەكرەشكە باشلىدى. يىگىت ئۇنى يەرگە تىكلەپ قويۇۋەتتى. شۇ ھامان كالتەك «تىككىدە» غادايغىنىچە، ماتورى باردەك «دىك-دىك» سەكرەپ كەتتى، ئاندىن بارغانسېرى ئېگىزگە كۆتۈ-رۈلۈپ تورۇسنى بويلاپ، ئوڭ-تەتۈر بولۇپ ئالدىغا-ئارقىسىغا ئىككى باشچىلاپ، پىرقىراپ ئۇچۇشقا باشلىدى. كالتەك كۆزنى ئېچىپ-يۇمغىچە ئۆينىڭ تورۇسىنى تۆت-بەش قېتىم ئايلىنىپ چىقتى. ئۇنىڭ سۈر-ئىتى شۇنچىلىك تېز، ھەرىكىتى شۇنچىلىك چاققان ئىدىكى، شوپۇرنىڭ كۆزلىرى كالتەككە قاراپ ئۈلگۈرمەي ئالاچەكمەن بولۇپ كەتتى.

كالتەك توغۇچ شۇتەرىزدە تورۇسنى 40-50 قېتىم ئايلاندى. بىركەمدە ئۆينى ئايلىنىپ پىرقىراپ يۈگۈرۈۋاتقان باخشى ئورنىدا «چېپپىدە» توختاپ قالدى ۋە تورۇسقا قاراپ كۆزنى چەكچەيتىپ، ئاغزىنى ئاچقان پېتى ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى-دە، ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتى:

— ئەي، دىۋە-پەرىلەر كەتمەڭلار، ئەي ھۆرى غىلمانلار قاچماڭلار، بىز تېخى ئىشى-مىزنى باشلىمىدۇق، مېنى مەدەتسىز قالدۇ-رۇپ قاچماڭلار، سىلەرگە نېمە بالا بولدى، ئالدى-ئارقاڭلارغا قارىماي ھەدەپ قېچى-ۋاتىسىلەرغۇ؟ سىلەرگە كىم جادۇ قىلىۋاتىدۇ؟ كىمنىڭ سېھىردى جادۇسى سىلەرنى شۇنچە قورقىتىۋەتتى؟ كىمنىڭ سېھىردى جادۇسى سىلەرنى مۇشۇنچە رەزىل ۋە قورقۇنچاق قىلىپ قويدى؟ يا بولمىسا مەندىن خاپىمۇ سىلەر؟ مەندىن نېمە زىللەت-سەۋەنلىك ئۆتتى؟ ياكى بولمىسا، مۇناجاتىم ئاھاڭدار، يېلىنىشىم تەسىرلىك بولمىدىمۇ؟ قەسىدە-ئىلتىجايىم رەڭدار ۋە مۇڭلۇق چىقمىدىمۇ؟ ياق، ياق! مەن ھەر كۈندىكىدەك پۈتۈن ئىشتىياقىم، جېنى كۈچ-قۇدرىتىم ۋە مېھرى-مۇھەببىتىم بىلەن سىلەرنى چاقىر-دىمغۇ؟ سىلەر بۇنچە ۋاپاسىز بولماڭلار، بۇ قەدەر بىچارە ۋە قورقۇنچاق بولماڭلار، جىنلارنىڭ پادىشاھىنىڭ قەھرىدىن قور-قۇڭلار، ئۇ سىلەرنى ماڭا ھەمدەمگە ئىبەر-گەن ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ رەجەل غايىب پىر-ئۇستازلىرىمدىن قورقۇڭلار، ئۇلارنىڭ غەزىپى سىلەرنى كۆيدۈپقا مەڭگۈلۈك بەنت قىلىۋېتىدۇ، سىلەر بېشىڭلارنى تاشقا ئۇ-ساڭلارمۇ رۇبى مەسكۇنغا ① — ئىنسانلا-ر ئارىسىغا كېلەلمەيسىلەر، ئۇلارنى ئەرمەك قىلىپ، خىرە كۆڭلۈڭلارنى ئاچالمايسىلەر، ئويناپ-كۈلۈشۈپ خۇنۇك چىرايىڭلارنى قىزارتالمايسىلەر، قايتىڭلار دەيمەن، قاي-تىڭلار، ھېچ بولمىسا مەندىن قورقمامسىلەر؟ قىسقىغىنا مۇددەت ئىچىدە سىلەرگە ئاما-نەتنى، مۇنۇ ئامانەتنى تاپشۇراي، مېنىڭ قېشىمغا قايتىڭلار... مانا ئۇ ئامانەت!

باخشى قوينىدىن بىر تۇتام چاچنى ئېلىپ تورۇسقا قاراپ پۇلاڭلاتتى. چاچلار سارغۇچ، يۇمشاق، جانسىز ۋە خۇنۇك ئىدى. ئۇ قولىدىكى چاچنى كىملەرگىدۇر كۆز-كۆز قىلغاندەك بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تېخىمۇ بەكرەك ۋارقىرىدى:

① يەر شارىنىڭ ئىنسان ياشايدىغان ئاۋات قىسمى

www.uyghurkitap.com

— مانا بۇ سىلەرنىڭ مەن كۈتۈۋالغان چېچەكلەر، چېچەكلەر مەندە قالدى، سىلەر ھېچنەگە كېتەلمەيسىلەر، قاچانىكى ماڭا ھەمكار بولۇپ، ئىشىمغا زور بەرسەڭلار، چېچەكلەرنى سىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىمەن... مۇشۇ چاچمىز، شاھمىلارنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرىگە قانداق كۆرۈنۈش قىلىسىلەر، ئۇ سىلەرنى جازالىمامدۇ؟ قايتىڭلار جىنلىرىم، قايتىڭلار، قاچماڭلار دەيمەن! نېمە بالا بۇ؟ مېنىڭ تەسلىكتە يىغىن قىلغان جىنلىرىم بىرسىمۇ قالماي پىتىراپ قېچىپ كەتتىمۇ؟ ئۇلارنىڭ بۇ ھالغا قاراپ كۆڭلۈم ئېلىشىۋاتىدۇ، مەن ئىشەنگەن بۇ جىنلار شۇنچە ئىمجان نېمىلەر ئىكەن — دە! قېنى ئۇلاردىكى كۈچ — قۇدرەت؟ قېنى ئۇلاردىكى سالتەنەت؟ قېنى ئۇلاردىكى دەبدەبە! قېنى ئۇلاردىكى كۈچ - ھەيۋەت؟ ئاھ... ۋاپاسىز شاياتۇنلار! ئاخىرى مېنى تاشلاپ كەتتىمۇ؟ ئەمدى تىغدەك تەنھا قالدىمۇ؟ ماڭا كىم ھەمدەم بولىدۇ؟ ماڭا كىم زور بېرىدۇ؟

باخشى يىغلامسىرىغان ھالدا، تۇرۇشقا چەكچىيىپ، ھەسرەتلىك «ئاھ» ئۇرۇپ، مەيدىسىگە مۇشتلىغىلى تۇردى. ئۇ، ئۇشتۇمتۇت ھاۋادا پىرقىراپ يۈرگەن كالتەكنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىۋەتتى:

— نېمە كۆرۈۋاتىمەن ئۆزۈم؟ نوغۇچمۇ؟ كالتەكمۇ؟ ھە... ئەمدى بىلدىم! مۇشۇ لەنەتكەردى كالتەك مېنىڭ جىنلىرىمنى قوغلىغان ئىكەن - دە! نېمە ئىش بۇ؟ ھەي ئەبلەخ! سەن قايسى ئىقلىمنىڭ جادۇسى سەن! سېنى بۇ يەرگە كىم ئەۋەتتى؟ نە سەۋەب، نە ۋەجىدىن مېنىڭ خانەمگە ئۇلىشىپ كىرىپ، ئىشلىرىمنى ۋەيران، جىنلىرىمنى پايخان قىلدىڭ؟ يوقال كۆزۈمدىن! ھازىرنىڭ ئۆزىدە كۆزۈمدىن يوقال! بولمىسا سېھىردىي جادۇگىنى بىر تېيىن قىلىپ، ئۆزۈڭنى رەسۋا قىلىمەن! سېنىڭدىن بولغۇنلىكى ئىشلىرىنىڭ ئۇچلۇن ئۆمۈرۋاقى يادىگىدىن چېقىلغۇدەك قىساس ئالىمەن! يانىياز، ياغىياس، يائالماس! يا نەقشىبەند پىرىم! بۇ جادۇگەرنىڭ جادۇسىنى پاش قىلىپ، تەتۈر ياندۇرۇپ، ئۇنىڭغا قەستى - جادۇ قىلىپ، ئۇنى گۇمران ئەيلىشىمگە زور بەرگەيسىلەر... دۇئايىمغا قۇۋۋەت بەرگەيسىلەر...

دەل شۇ چاغدا ھاۋادا مۇئەللەق پىرقىراۋاتقان كالتەك نوغۇچ بىردىنلا باخشىنىڭ بېشىغا توغرىلىنىپ، پەسكە قاراپ شوڭغۇپ، ئۆزىگە دوق ۋە پوپوزا قىلىۋاتقان باخشىنىڭ باش-كۆزلىرىگە قارا - قويۇق ئۇرۇپلا كەتتى. باخشى ئاغرىققا چىدىماي جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىۋەتتى:

— ۋايجان بېشىم! ۋاي قانداق ئىتەي...

كالتەك گاھ ئۇ تەرەپكە شوڭغۇپ «تاك» قىلىپ، گاھ بۇ تەرەپكە شوڭغۇپ «تاك» قىلىپ باخشىنىڭ بېشىغا تېگەتتى. ھەر بىر تەگكىنىدە باخشى بىر يۇلقۇناتتى. بىر كەمدە باخشى بېشىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈۋىدى، كالتەك باخشىنىڭ قولىنىڭ قىر سۆڭىكىگە، جەينەك بېغىشلىرىغا تاكىلداپ تېگىۋەردى. ئاغرىق ئازابىغا چىدىمىغان باخشى «ۋايجان» لىغىنىچە قوللىرىنى سىلكىپ قولتۇقىغا تىقتى. كالتەك ئۇنىڭ بېشىغا زەرب بىلەن تېگىۋەردى، باخشى ئاخىرى چىداش بېرەلمەي، قوللىرى بىلەن باش- كۆزىنى قاپلىغىنىچە دوگدىيىپ، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا قاچتى. كالتەكمۇ باخشىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تاكىلدىتىپ تېگىۋەردى. ئۇ يەرگىمۇ جېنىنى سىغدۇرالمىغان باخشى «ۋاي - دات» سېلىپ، ئۆيىنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىغا يۈگۈردى. كالتەك

ئىز بېسىپ قوغلاپ ماڭدى. كالتەك بارغانسېرى قىزىشىۋاتاتتى. «ھايتىنى ھۆيت» دېگۈچە، باخشىنىڭ كاللا - بېشى ھۆررەك - ھۆررەك بولۇپ ئىششىپ كەتتى. ئافىزى - بۇرنى قانغا بويىلىپ، ئۇنىڭ ئۇزۇن ۋە ئىپلاس چاچ - ساقىلىدىن چىپىلداپ قان ئاقتى. باخشى غالجىر تەككەن ھايۋاندەك دەھشەتلىك ئاۋازدا ھۆركىرەپ، ئۇ بۇلۇڭدىن بۇ بۇلۇڭغا، سۇپىدىن پەگاھغا، پەگاھدىن سۇپىغا مۆدۈرۈپ- چوقۇرۇپ يۈگۈرەيتتى. كالتەكمۇ خۇددى غايەت زور ماگنىتقا تارتىلىۋاتقاندەك، باخشىدىن غېرىچ نېرى بولماي ئۇ نەگە يۈگۈرسە، شۇ يەرگە شۇڭغۇيتتى؛ ئىككى باش بولۇپ باخشىنىڭ بېشىغا ساۋايتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە باخشىنىڭ سىياقى قارىغۇسىز ھالغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاللا - تۇۋۇسىغا چىداپ بولمايتتى. باخشى جان - جەھلى بىلەن سورەن سالغانسېرى كالتەكنىڭ غەيرىتى تېخىمۇ جۇش ئۇراتتى - دە، باخشىنىڭ ئەزايىنى ئالا قويماي كالتەكلەيتتى. باخشى ئاخىرى ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ يىقىلدى ۋە پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بېشى ئۈستىدە جەۋلان قىلىۋاتقان كالتەككە بىچارىلەرچە يېلىنىشقا باشلىدى:

— تەن ئالدىم، بولدى قىل، بولدى قىل، قېرى جېنىمغا رەھىمىڭ كەلسۇن، سەندىن بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، قانداق شەرتىڭ بولسا ئېيتقىن، مەن قۇللۇق بىلدۈرەي ساھىب...

باخشىنىڭ ئاۋازى بەكمۇ زەئىپ ئىدى. ئۇنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا تاقاشقانىدى، بەدىنى غال - غال تىترەيتتى، نەپىسى بوغۇلۇپ خىرقىراپ قالغانىدى.

— تۇر تۇقمىقىم! — دەپ بۇيرۇق قىلدى شوپۇر يىگىت كالتەككە. كالتەك شۇ ھامان ئۇرۇشتىن توختاپ، ئامىنىڭ تۈۋىگە چۈشۈپ تامغا يۆلەنگىنىچە تىك تۇردى.

— ئەي خۇنخور! — خىتاب قىلدى شوپۇر يىگىت جان ھەلقۇمىغا يېتىپ ھالىدىن كېتىپ يىقىلغان باخشىغا قاراپ، — بۇ خەلقى ئالەم ئالدىدىكى جىنايىتىڭگە بېرىلگەن جازا! سەن پاكىزە ۋۇجۇدلارنى بۇلغىدىڭ، تازا قەلبلەرنى كىرلەتتىڭ، ئەقلى ساغلام، بىجىرىم ئادەملەرگە ئىپلاس كېسەلنى چاپلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى روھىي ناكارلارغا ئايلاندۇردۇڭ، بىگۇناھ ئانا - بالىلارنى ئاتىسىدىن ئايرىپ، دوزاخ ئازابىدا قىيىندىڭ! ئاتىنى بالىغا، بالىنى ئانىغا، ئاكىنى ئۇكىغا، ئەۋلادنى ئەجدادقا دۈشمەن قىلدىڭ. ئەلنىڭ تۇرمۇش بېغىدا تەپرىقىچىلىقنىڭ زەھەرلىك مېۋىسىنى چېچەكلەتتىڭ، «ئەل قىساسى مەنىلەھەق!» مانا مەن بۈگۈن سېنىڭ قەستىڭ بىلەن ھايات تۇرۇپ دوزاخ كۆلخانىدا ئۆرتىلىۋاتقان بەختسىزلەرنىڭ قىساسىنى ئالىمەن! سېنى ئاللا كەچۈرمەيدۇ، ساڭا قۇياش غەزەپ قىلىدۇ! سەندىن زېمىن نەپرەتلىنىدۇ! سېنى ئەل كەچۈرمەيدۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى جازالايدۇ!

شۇ تاپتا ساڭا شۇنى بۇيرۇيمەنكى، سەن ئۆزۈڭ قەست بىلەن بالا - ۋاقىسىدىن ئايرىپ، دەشتى - سەھراغا بەنت قىلىۋەتكەن ئاتىلارغا قىلغان قەستىڭگىنى دەررۇ ياندۇر، ئۇلارنىڭ بالا - ۋاقىسىنى ئۆزۈڭ مۇپتىلا قىلغان مەينەت كېسەلدىن ھازىرلا خارج قىل! بۇ ئىشىڭنى تۈگەتكەندىن كېيىن كۆدە- كۆرپەڭنى كۆتۈرۈپ بۇندىن دەررۇ يوقال! ئىككىنچىلەپ بۇ تەرەپكە ئاياغ باسقۇچى بولما! قېنى بۇيرۇقۇمنى ئورۇندا!

بۇلۇڭدا قانغا پېتىپ ئىنجىقلاپ ياتقان باخشى خىرقىردى:

— ئەي غايىب، سېن غالىب، مەن ساڭا مەھكۇممەن! مەن گۇناھقا پاتتىم، ئىقرارمەن،

www.uyghurkitap.com

ئەمما لېكىن، كىشىلەرگە قىلغان قەستىمنى ياندۇرالمايمەن، ئۇنداق قىلسام پىرئۇستازلىرىمنىڭ قارغىشىغا كېتىمەن ... بۇ يەردىن ھەم ھېچنەگە كېتەلمەيمەن، چۈنكى مېنىڭ سېھىرديھېكمىتىم پەقەت مانا مۇشۇ قورۇدىلا جارى بولىدۇ. بۇ يەردىن ئايرىلسام پۈتۈن جادۇ كارامىتىم كۈچىدىن قالىدۇ، مەن قىلالمايمەن، ئەي غايىب، مېنىڭ بىلەن ئىشىڭ بولمىسۇن، مەنمۇ سەن بىلەن ھەپىلەشمەسلىككە قەسەم ئىچەي، سەنمۇ ئۆز كارامىتىڭ بىلەن ياشاۋەرگەن، مەنمۇ...

— ئەي گۇمراھ! — غەزەپتىن تىترىگەن شوپۇر يىگىت بومبا يېرىلغاندەك نەرە تارتتى، — ئاغزىڭنى يۇم! مەن سەن بىلەن سودىلىشىۋاتقىنىم يوق! ساڭا بۇيرۇۋاتىمەن، ئاڭلىماسقا ھەدىدىڭمۇ؟ سەن تېخى چۆچۈمەيسەن، ئۆزۈڭنىڭ شورى، ئەمدى كۆر! نۇر توقمىقىم!

يىگىتنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغان «نۇر توقماق» تۇرغان جايىدىن پۇرژىنا تەپكەندەك «پىڭڭىدە» ئۆرلەپ چىقتى - دە، باخشى تۈگۈلۈپ ياتقان بۇلۇڭغا شۇڭغۇپ بېرىپ، باخشىنىڭ باش - كۆزلىرىگە تاراڭلاپ، زەرپ ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئاغرىققا چىدىمىغان باخشى ياتقان يېرىدىن ئوخچۇپ قوپۇپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ۋا ... ئا... ئا...» لىغىنىچە يۈگۈرۈپ قاچتى. كالتەك بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ قالتىس غەيرەتكە كەلگەنىدى. كالتەك باخشىنىڭ بېشى ئۈستىدە چاقماقتەك ئوينايتتى. كالتەكنىڭ زەربىدىن باخشى تىك چۈشەتتى، يەنە «ۋايجان - ۋايەي» لەپ، تۆت ئاياغ بولۇپ قاچاتتى. بىر چاغدا بۇ كارامەتتىن قورقۇپ كەتكەن مۈشۈكلەر باخشىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. «نۇر توقماق» مۈشۈكلەرنىمۇ ئاياپ ئولتۇرماي ساۋاۋەردى. باخشىنىڭ جان ئاچچىقىدا كۆتۈرگەن نالە - پەريادىغا سەككىز - ئون مۈشۈكنىڭ ئالىتاغىل قىيا - چىياسى قوشۇلۇپ، قىيامەت قايىم بولدى.

بارغانسېرى كالتەكنىڭ ھىممىتى جۇش ئۇرۇپ، باخشى ۋە ئۇنىڭ مۈشۈكلىرىگە تىن تارتقۇدەك ئارام بەرمەي سۇر - توقاي قىلدى. ئۆي ئىچىنى توپا - تۇمان قاپلاپ كەتتى. بىر چاغدا كالتەكنىڭ زەربىگە چىدىمىغان مۈشۈكلەر گويا «بىزنى شۇ كويغا سالغان سەنغۇ» دېگەندەك ئۆز ئىگىسىنىڭ يۈز - كۆزىگە چاڭ سېلىپ، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى مورلاپ قىيما - چىيما رەسۋايى ئەزىم قىلىۋەتتى. كالتەك ۋە مۈشۈكلەرنىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان باخشى ئۆلمىدىسىمىزلىك ئىچىدە ۋارقىرايتتى، جارقىرايتتى، ھوۋلايتتى. كالتەك تېخىمۇ قىزىپ، باخشى ۋە ئۇنىڭ مۈشۈكلىرىنىڭ ئۈستىگە ئېتىلاتتى. كالتەكنىڭ شىددىتىدىن ئۆي ئىچى لەرزىگە كەلدى، مۈشۈكلەرنىڭ قىيا - چىياسىدىن تام - تورۇسلار غاراسلاپ كەتتى.

— مەن تەسلىم! مەن كۆندۈم، شەرتلىرىڭگە كۆندۈم، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن غايىب، سەن نېمە دېسەڭ شۇ، ماڭا رەھىم قىل ...

باخشى تۆت ئاياغلىق بولۇپ ئۆمىلىگىنىچە، ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا ئۆلمىدىسىمىزلىك ئىچىدە تەلمۈرۈپ ۋارقىرىدى. چۈنكى ئۇ شوپۇرنى كۆرەلمەيتتى. باخشىنىڭ باش - كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان قاندىن ئۇنىڭ چىرايىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. شۇ تاپتا ئۇ قىپقىزىل گۆشكە ئايلىنىپ قالغانىدى.

— نۇر توقمىقىم! — شوپۇر بۇيرۇق قىلدى. كالتەك شۇ ھامان ھەرىكىتىنى توختىتاپ، تامغا يۆلەنگىنىچە تىكلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— قېنى ئەمىسە، — دېدى شوپۇر باخشىغا ئەمىرانە بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — قەستلىرىڭنى ياندۇر، مۈشۈكلىرىڭگە بۇيرۇپ، كىشىلەرنىڭ

ئۆيلىرىگە كىرگۈزگەن قورچاق، تاش - پاش ۋە يىگىتلىرىگىنى بېرىنىمۇ قالدۇرماي بۇ يەرگە يىغ ۋە مېنىڭ كۆزۈمچە يوق قىلىپ تاشلا! ئاندىن خالتا - خولتاڭنى كۆتۈرۈپ، ئەڭ يىراق دەشتى - باياۋانغا كۆچۈشكە تەييارلان!

— قۇللۇق، تەقسىر، قۇللۇق ... ئالدى بىلەن دۇئايى بەندىنى بىكار قىلماي، ئاندىن مۇشۇكلىرىمگە بۇيرۇق بېرەي، ھەممە ئىش سېنىڭ نەزەرىڭ ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. پەقەت ماڭا كىچىككىنە ھاياتلىق بەرگەن غايىب ...

باخشى زەئىپ ئاۋازدا بىچارىلەرچە خىرقىرىدى ۋە ئۆمىلەپ سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ يىقىلىپ ئولتۇرۇپ قولىغا تەسۋىنى ئالدى ...

شوپۇر يىگىت باخشىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىققاندا، ئۇپۇق يۈزى قىزىرىشقا باشلىغانىدى. قازناق ئۆيدە يىگىتنى كۈتۈپ غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلاشقا تەشنا بولۇپ ئولتۇرغان قورئەنداز گۈزەل، شوپۇر يىگىتنى كۆرۈشى ھامان ئورنىدىن ئوخچۇپ تۇرۇپ، يىگىتنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

يىگىتنىڭ پېشانىسىدە غالىبىيەت خۇشاللىقى جىلۋە قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسىز تۈنلەردە قىزارغان ھارغىن كۆزلىرىدە شادلىق ئۇچقۇنلىرى پارلايتتى.

— تەبرىكلەيمەن. سىزگە مۇبارەك پىداكار يىگىت، — قىز مۇلايىم ئاۋازدا يىگىتنى تەبرىكلىدى.

يىگىت ئىپتىخار بىلەن كۈلدى.

— سىزگىمۇ مۇبارەك ...

— ئەمدى دەررۇ ئاتلىنىمىز، — قىز يىگىتنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

— شۇ تاپتا؟

— ھەئە، شۇ تاپتا ... ھايال بولمايلى.

يىگىت بىلەن قىز قول تۇتۇشۇپ ئۆيدىن چىقىشتى. قىزنىڭ قولتۇقىدا ھېلىقى قېلىن كىتاب بار ئىدى.

شوپۇر دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇردى. قىز كابىنكىغا چىقىپ يىگىتكە يانمۇيان ئولتۇردى. ئۇلار دەشتى - سەھرا — ئۇلۇغ قۇم تەرەپكە قاراپ قوزغالدى. قاناتلانغان ماشىنا بۇ پىداكار قىز - يىگىتنىڭ ئىزگۈ ئارمانى ۋە ئۇلۇغ ئىستەكلىرىدىن قۇۋۋەت ئالغاندەك چۆل تامان قاناتلىنىپ ئۇچتى.

ماشىنا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غايىب بولدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا قويۇق چاڭ - توزانلار قالغانىدى. ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى پۈتۈن مەھەللىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقانلارنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ، ئۇلارنى ئويغىتىپ ئۇلارغا يېپيېڭىچە ھاياتتىن خەۋەر بەردى. كىشىلەر ئالدىراپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

... ئۇلار تاغلار ئاشتى، داۋانلار ھالقىدى، سۇلار كەچتى. يامغۇر - پېشىن، بوران چاپقۇن، ئېگىز - پەس يوللار ئۇلارغا توسالغۇ بولاتتى، قېلىن جاڭگاللار ئۇلارنىڭ يوللىرىنى ئۈزەتتى. ماشىنا گاھ پاتقاقتا پېتىپ قالسا، گاھ قۇمدا ئولتۇرۇپ قالاتتى، گاھ تورۇپىلا «مۆردەس» بولۇپ قالاتتى. لېكىن شوپۇر يىگىتنىڭ غەيرەت - شىجائىتى، قورئەنداز قىزنىڭ ھىممەت - ئىرادىسى ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئاسان قىلماقتا ئىدى. ئۇلار كېچىنى - كۈندۈزگە، ئاخشامنى تاڭغا ئۇلاپ يول يۈردى، يۈرگەندىمۇ مول يۈردى. ئۇلار ساناقسىز دەريا - كېچىكلەرنى، ئېدىر - دۆمبەللەرنى، قىر - سايلارنى، ئېپتىدائىي ئورمانلارنى، تىكەن - شوخلۇق جاڭگاللارنى ئارقىسىغا تاشلاپ، ئۆيدىن چىقىپ 9 - كۈنى بولدى دېگەندە ئۇلۇغ قۇمنىڭ لېۋىگە يېتىپ كېلىشتى - دە، ماشىنىنى توختىتىپ كابىنكىدىن چۈشۈشتى. مۇشكۈل سەپەر ئۇلارنى ھارغۇزغانىدى، ئۇلارنىڭ ھەپتە ئىلگىرىكى نۇرلۇق چىرايى ئەندىلىكتە توپا - تۇمان

www.uyghurkitap.com

بىلەن چاڭلانغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇدرۇق ۋە تولغان ئەتلىرى تارتىلىپ، ياداپ قېلىشقانىدى. لەۋلىرى قۇرۇپ چاك - چاك يېرىلغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار تېتىك، جۇشقۇن كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ياشلىقنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس قۇدرىتى چاپچىپ تۇراتتى.

ئۇلار قوللىرىنى سايىۋەن قىلىپ ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان پايانسىز قۇملۇققا نەزەر تاشلىدى. بۈيۈك قۇملۇق دېگىنى مۇشۇ ئىدى. بۇ يەر ئادىمىزاتسىز ئەجەل دېڭىزى ئىدى. ئۇلار ئەنە شۇ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ قىزنىڭ دادىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باخشى قەستىدىن ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن بەختسىز كىشىلەرنى قۇتقۇزۇشى كېرەك ئىدى.

يىگىت بىلەن قىز ئاشۇ پايانسىز قۇملۇققا بىر ھازاغىچە ئۈن - تىنسىز كۆز سېلىپ قاراپ تۇرۇشتى. مانا مۇشۇ قۇملۇق ئۇلارنىڭ غەيرەت - ئىرادىسىنى سىنايدىغان ئاخىرقى پەللە ئىدى. شۇ مىنۇتتا يىگىت بىلەن قىزنىڭ قەلبىدە بىر تەنتەنىلىك ھاياجان ئۆرلەيتتى. بۇ — مۇشكۈل كۈرەشكە ئاتلانغان قورقماس قەلبلەرلا سېزەلەيدىغان بۈيۈك خۇشاللىق ئىدى.

يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرىگە ئۈنسىز ۋەدە بېرىشىپ، بىر - بىرىنىڭ قىزدىق قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇشۇپ چوڭ - چوڭ قەدەم بىلەن چۆلنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ماشىنا شۇ يەردە قالدى، چۈنكى بۇنداق قۇملۇقتا ماشىنا مەڭگۈگە ئولتۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

قۇملۇق دوزاختەك ئىسسىق ئىدى. ئۇلارنىڭ باش - كۆزىدىن شورقىراپ تەر قۇيۇلاتتى، ئاچچىق تەر ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئېچىشتۇراتتى. ئۇلار گاھ تاغ دۆمبىلىرىدەك، غايەت زور قەلئە تاملىرىدەك ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك قۇم بارخانلىرىغا يامىشىپ چىقاتتى، گاھ ئۇنىڭدىن دومىلاپ سېرىلىپ چۈشەتتى. ئۇلارغا پات - پات ئاچا قۇيرۇق گۆشخور كىملەر يولۇقۇپ، ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالاتتى، گاھ قالتىس يوغىنىغان زەھەرلىك ئوق يىلانلار ۋىشىلدىشىپ سويلاپ كېلىپ ئۇلارنى قوغلايتتى. شوپۇر يىگىت بىلەن قۇرئەنداز قىز بىر ئامالىلاپ ئۇلار بىلەن ئۇچراشماسلىققا تىرىشىپ ئايلىنىپ ئۆتەتتى، گاھ سۈرەن سېلىپ ئۇلارنى قاچۇراتتى. شۇنداق قىلىپ كۈن پېشىنگە قايرىلغاندا ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئۇنچە يىراق بولمىغان جايدىكى بىر غايەت زور قۇم بارخانىنىڭ تۈۋىدە ياتقان تۆت ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار جىددىيلىشىپ يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىۋىدى، ئۇلار ھېلىقى ئادەملەر ئىكەن. ئۇلار شۇ قەدەر جۇدەپ كەتكەنىدىكى، ئۇلارنىڭ قارىدىيىپ ۋە يېرىلىپ كەتكەن تېرىلىرى ئۇستىخىنىغا چاپلىشىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ئاران - ئاران پىلدىلداپ تۇرغان ھايات نۇرى بولمىسا، ئۇلارنى تىرىك ئادەم ئەمەس، قۇملۇقتا ئېچىلىپ قالغان مومىيالار بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قېلىش مۇمكىن ئىدى.

قىز بىرىنچى بولۇپ دادىسىنى تونۇۋالدى، ئۇ يۈگۈرۈپ بارغىنىچە دادىسىنى قۇچاقلاپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. قىزنىڭ دادىسىمۇ، قىزىنى باغرىغا بېسىپ ھالسىزغىنە ئېسەدەپ كۆز يېشى قىلدى. باشقا كىشىلەرمۇ ياتقان يېرىدىن تەسلىكتە بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان قىز بىلەن يىگىتكە ھەم قورقۇمسىراپ، ھەم تەلمۈرۈپ قاراشتى. چۈنكى ئۇلار ئۆزىدىن

بۇيان ئادەمزات ئۇرۇقىنى كۆرمىگەنىدى. ئۇلار ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن خۇشاللىقىدىن كۆز يېشى قىلىشتى. ئەسلىدە ئۇلار مۇندىن تۇققۇز كۈن ئىلگىرى ئۇشتۇمتۇت ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئەيرىدىسىزىم ۋە كېسەل ئېسىرىدىن خالاس بولۇپتۇ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى، خاتىرىسى روشەنلىشىپ، مېڭىسى ئېچىلىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي ھاڭ - تاڭ بولۇپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ ھالىغا قاراپ ئېچىنىپ قايغۇرۇپتۇ. ئۇلار ئادەملەرنى، مەھەللە - كويىنى، بالا- ۋاقىلىرىنى سېغىنغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا بۇ ئەجەل دېڭىزىدىن قۇتۇلۇپ، بالا - ۋاقىلىرى بىلەن جەم بولۇش ئىستىكى تۇغۇلۇپتۇ - دە، ۋۇجۇدىدىكى ئاخىرقى قۇۋۋەتلىرىنى يىغىپ، تىرىشىپ - تىرىشىپ ئۆيلىرى تامان يول ئاپتۇ. ئاچلىق، تەشنالىق، ماغدۇرسىزلىق ئۇلارنى قىيناپتۇ. بۈگۈن مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بولالماي يىقىلىپ قېلىشقانىكەن.

شوپۇر يىگىت بىلەن قۇرئەنداز قىز ئۆزلىرىنىڭ باشتىن كەچۈرگەن قىسمەتلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسەت- مۇددىئالىرىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈشتى. بۇنى ئاڭلاپ بۇ كىشىلەر ئۇزۇندىن- ئۇزۇنغا كۆز يېشى قىلىشتى. قىز ۋە يىگىتلەرنىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئېيلىشتى. ئۆزلىرىنىڭ پات پۇرسەتتە ئۇزۇن ۋاقىت ئايرىلغان بالىلىرى بىلەن جەم بولۇشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باشلىرى كۆككە يېتىشتى. قىز بىلەن يىگىت ئۇلار بىلەن مۇڭداشقاچ ئاراملىرىنى ئېلىشقاندىن كېيىن ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، بىرەيلەن ئىككى كىشىنى يانلىرىغا ئېلىپ يۆلەشتۈرۈپ كەلگەن يولى بىلەن دەشتىنىڭ لېۋىگە تۇختىمىپ قويغان ماشىنا تامان يۈرۈپ كېتىشتى. بۇ چاغدا كۈن ئولتۇرۇپ، چۆل يۈزى سۈۋۇشقا باشلىغانىدى، چۆل شامىلى سالقىن ئىدى. غەلىبە ۋە جەم بولۇش خۇشاللىقىدىن كۆڭلى كۆتۈرۈلگەن ئادەملەر بىر - بىرىگە مەدەت - ئىلھام، زور بېرىشىپ قەدەملىرىنى ئىتتىكلىتىشتى. ئۇلارنىڭ زارىققان كۆڭۈل قۇشلىرى ئاللىقاچان ئەل - يۇرت، قان - قېرىنداش باغرىلىرى تامان ئۇچۇپ كەتكەنىدى.

مەھەللە ئاسمىنىدا ناغرىنىڭ ساداسى گۈبۈرلەيتتى، ئۆگزە - ئۆگزىلەردە سۇناي ئۈنى ياڭرايتتى. خۇشال قىقاس - چۇقانلاردىن سىلكىنگەن مەھەللىنىڭ ھاۋاسى كىشىنىڭ تېنىنى يايرىتاتتى. ھەممىلا يەردە ناخشا - مۇقام، نەغمە - ناۋا، بەزمە- مەشرەپ قاينايتتى. مەھەللىدىكى ئۇلۇغ- ئۇششاق، ئەر - ئايال ۋە ياش ئۆسمە، بوتۇن - چېچەكلەر يېپيېڭى ۋە رەڭگارەڭ كىيىنىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ چېھرىدە ئاپتاپ پارلايتتى، كۆزلىرىدە شادلىق چاقنايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسلا ساغلام، بېجىرىم، قۇۋۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئۇسسۇل ئوينايتتى، مۇقاملار تۇۋلايتتى. بىر- بىرلىرىنى مۇبارەكلەپ، مۇشۇ قۇت كۈنىنىڭ ئۆزلىرىگە مەڭگۈ ھەمراھ بولۇشلىرى ئۈچۈن تىلەكلەر تىلەيتتى. ھەممىدىن تولاراقى ھېلىقى چۆلدىن كەلگەن تۆت كىشى ئالاھىدە ئىززەت - ھۆرمەت تاپقانىدى. ئۇلار كەڭرى مەيداندا ئالاھىدە راسلانغان ياسىداق سۇپىدا ئولتۇرۇپ كىشىلەرنىڭ تەنتەنىسىنى كۆرەك قىلماقتىدى. ئادەملەر قوۋناق ئىدى. قىز - چوكانلارنىڭ چىرايىنى ئۇيات، شەرمى - ھايانىڭ قىزىللىقى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەن، ئۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرى سىپايە، گەپ - سۆزلىرى مۇلايىم، مىجەز - خۇلقى سۆلكەتلىك بولۇپ ئۆزگەرگەنىدى. ئەركەكلىرىمۇ

www.uighurkitap.com

جۈرئەتلىك ـ مەغرۇر، نومۇسلۇق، چاقماقتەك تاراسلاپ تۇرىدىغان غەيۇرانە ھۆسنتۇس ئالغانىدى.

بىر كەمدە، كىمدۇر بىرى سورۇن ئەھلىنى داستىخانلارغا تەكلىپ ئەتتى. ھەممەيلەن ئۆز قۇرداشلىرى بىلەن تېپىشىپ سورۇندىن ئورۇن ئېلىشتى. ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سېلىنغان پاكىزە داستىخانلارنىڭ ئەتراپى خۇشال كۈلكە ـ پاراڭلار بىلەن قىزىغانىدى. بىر چاغدا ساھىبجامال قۇرئەنداز قىز بىلەن بايىقى شوپۇر يىگىت سورۇن بېشىدا پەيدا بولدى. قىز يىگىتكە ئاستاغىنە پىچىرلىۋىدى، شوپۇر يىگىت قويىنىدىن چىرايلىق قاتلانغان سەگەز رەختىنى ئالدى ۋە ئاۋايلاپ ئاچتى، بۇ بايىقى خارابىدىن كەلتۈرۈلگەن سەگەز ماتا ئىدى. يىگىت كۆپچىلىككە قاراپ ئېھتىرام بىلەن كۈلۈمسىرەپ سالام ئىزھار قىلدى. ئاندىن ھېلىقى سەگەز ماتاغا قاراپ تەنتەنە بىلەن:

— ئېچىل داستىخىنىم! — دەپ خىتاب قىلدى. شۇ ھامان سەگەز ماتا «لەپپىدە» ئېچىلدى ـ دە، مۆجىزە كارامەت زاھىر بولدى. سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان داستىخانلارغا شۇ چاقماقچە قۇلاق ئاڭلاپ، كۆز كۆرۈپ باقمىغان نازۇنېمەتلەر بىلەن تۇشۇپ كەتتى. ھاۋانى خۇش پۇراق، شېرىن ھىد قاپلىدى. بۇ تائاملار تامامەن روھنى قۇۋۋەتلەيدىغان، قاننى يېڭىلايدىغان، مەنىۋىيەتنى ياشارتىدىغان، كۆز ۋە ئەقىلنى روشەنلەشتۈرۈپ، تەپەككۈرنى جانلاندۇرىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە تائاملار ئىدىكى، بۇ تائاملارنىڭ موللىقى، ھەر خىللىقى، كۆركەملىكى كۆزلەرنى ئالىچەكمەن قىلاتتى.

— قېنى جامائەت، بەھوزۇر...، — دەپ ئەلگە مۇراجىئەت قىلدى قۇرئەنداز قىز. شۇنىڭ بىلەن يەپ ـ ئىچىشلەر باشلاندى. بىر تەرەپتە نەغمە ـ ناۋا جەز ئۇراتتى، ئەتراپتا رەڭگارەڭ ئېچىلغان گۈلبوستانلىرى تەۋرىنەتتى، دەل ـ دەرەخلەردە تۈرلۈك قۇشلار خەندان ئۇراتتى، بۇ يەردە بەجايىكى جەننەتنىڭ ھوزۇرى ھۆكۈم سۈرەتتى.

بىر كەمدە ناغرا ـ سۇنايلار قايتىدىن گۈمبۈرلەپ كەتتى، خۇشاللىق تەنتەنىلىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ھېلىقى تۆت زات سورۇن ئەھلىگە باش بولۇپ ساماغا چۈشتى.

كۆك تىترىدى، زېمىن قاقاھلىدى، دەل-دەرەخلەر، گۈل ـ گىياھلار بەرق ئۇرۇپ چاۋاك چېلىشتى، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىكى سۇلار ئۇرغۇپ ئوينىدى. كىشىلەر بايىقى تۆت زاتنى دۈر قىلىپ، بەلەن ئاۋازدا مۇقام توۋلاپ، ئۆزلىرىنىڭ يارىتىدىغان ئەتىمىسىنى زوق ـ شوخ بىلەن كۈيلەشتى.

شوپۇر يىگىت بىلەن ساھىبجامال قىز چەكسىز بەختىيارلىق ئىچىدە، بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى. ئۇلارنىڭ چېھرىدە غالىبىنىڭ ئىپتىخارى جىلۋە قىلاتتى، كۆرەشچىنىڭ ئىرادىسى پارلايتتى، پاكلىق، سۆيگۈ ۋە ئىجىل ـ ئىناقلىقنىڭ نۇر زىياسى ئوينايتتى...

1989 ـ يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى





ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

ۋىجدان قۇياشىنىڭ قارايغان كۈنى ئەقىلنىڭ قىيامىتى!

— خاتىرە دەپتىرىمدىن

**1**

بۇ يىل 6 - ئايدا مەن تەتقىقاتچى ئىشداشلىرىم بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق قايتا كۆزىتىش ئۈچۈن يولغا چىققانىدىم. تۇرپاندا بىر قاتار خارابىلارنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى قەبرىگاھلىقى ئالدىدا بولدۇم. بىر قانچە يىل مۇقەددەم بۇ قەبرە بىر دۆۋە تۇپراققا سارغىيىپ قالغان يالغۇز بىر يانتاق ھالىتىدە زاھىر بولۇپ تۇرغاندا، مەن ئۇنىڭغا بېغىشلاپ «يېشىل ئابىدە» دېگەن قىسقىغىنە شېئىر يازغانىدىم. بۇ قېتىم بۇ تۆتلىكنى ئۇنىڭغا بېغىشلىدىم:



يىلسېرى يىلمەكتىمەن ھالىڭىنى خالىق
ئۇيغۇرى،
يادىكار ئەشئارلىرىڭدىن يورىدى قەلبىم
نۇرى.
چاپسىمۇ جاللات سېنى، جاللاتقا يەم
قىلغان سېنى،
سەن بىزار بولغان ئاشۇ ھەسەت -
خۇسۇمەتنىڭ شورى!

بۇ شېئىرنى خېلىلا ئۇزۇنلۇك ئوقۇساممۇ، لەھەتتىن چىققان سادانى ئاڭلىيالمىغانىدىم. شەھەرگە قايتقىنىمىزدا باج ئىدارىسىنىڭ كادىرى ئىسرائىل بىزنى ئۆز خانىسىدا بىر پىيالە چاي ئىچىپ كېتىشكە شۇنچە قاتتىق تۇتتىكى، ھەممىدىن بۇرۇن مەن ئاڭا ماقۇل بولدۇم. ئۆي ئەسقەر ھاجى كارىزى يېنىدا بولۇپ، ئالدى كەڭ پېشايۋانلىق سەينا ئىدى. باشقا ھەمراھلىرىمىز ئۆرۈكلۈك باغقا كىرىپ كەتتى، مېنى پېشايۋان ئوتتۇرىسىدىكى سېمونت تۈۋرۈك ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى. بۇ بىر مېتىر كەڭلىكتىكى شۇنداق تۈۋرۈك ئىدىكى، ئۇنى «شېئىردىي لەۋھە» دېگەن تۈزۈك ئىدى. تۈۋرۈكنىڭ بىر يۈزىگە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «باردۇر» ناملىق شېئىرى، ئىككىنچى يۈزىگە «ئۇيغۇرۇم» دېگەن شېئىرى خۇش قەلەم بىلەن چېكىلگەنىدى. مېنى بىر ئىلاھىي كۈچ ئىلكىگە ئېلىۋالغاندەك ئىدى. ئۈن - تىنسىز ياتقان لەھەت بۇ «شېئىردىي لەۋھە» دە ئاۋازغا كەلگەندەك تۇيغۇ بېغىشلىدى. «شېئىردىي لەۋھە» نىڭ تۆت تەرىپىدىن كۆزۈمگە مۇنداق مىسرالار چاقناشقا باشلىدى:

«جاھالەت سەھرىسىدىن بىزگە بىر كۈن
كۆپ جاپا باردۇر،
ئېيتىڭىزچۇ، بۈگۈنكى ھالىمىزنىڭ
قايسى بىرىدە ساپا باردۇر.»
«تەئاۋۇنۇ - تەناسۇر ئورنىغا بىزلەردە
بىر ئادەت،
يېڭى باشنى كۆتۈرگەننى ئۇرۇپ يىقىتالى-
مىز باردۇر.»
«ئومۇمنىڭ پايدىسىغا يۈز يىلدا ھەم
ئەسلا چۈشەنمەيمىز،
زىيان قىلماق ئۈچۈن بولسا، ئەجەب
چاققانىمىز باردۇر.»
«بىرى بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ
يادىنى قىلماق يوق،
ئېپى كەلسە بېرىپ ئەۋرەتلىرىن ئاچقا-
نىمىز باردۇر.»
«خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۇستىسى
ھەم يوقتۇر،
قۇۋلۇق. شۇملۇق بىلەن رەڭمۇرەڭ يالغا-
نىمىز باردۇر.»
«ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار
كۆكتە، ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە يوق قوتۇر ئېشەك، ياياق قال-
غانىمىز باردۇر.»
«قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا
ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەلنى باغلىغانلارغا تۆمەن
بوھتانىمىز باردۇر.»

..........

«پەنگە قارشى كاپشىماق، خۇددى ئىتتەك
ھاۋشىماق،
خارۇ زەبۇن ياشىماق تەرسا - تەتۈر
نادانلىكى.»

..........

«ئاتا - بوۋامدىن مىراس كونا كېسەلنىڭ
دەردىدە،
گاھ ئۆلۈپ، گاھ تىرىلىپ، كۆپتىن بېرى
ئاۋارىمەن.»
«باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ
كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالاڭئاياغ دەسسەپ تىكەن
ماگارىمەن.»

..........

كۆزۈمنى بىردىن «شېئىردىي لەۋھە»نىڭ بېشىغا يۆتكىسەم، شېئىر مازمۇنلىرى ماڭا خۇددى «ئۇيغۇرۇم» بۇ ئىلاھەتلەر ھېلىمۇ بىزدە «باردۇر!» دېگەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى...

مەن بۇ «شېئىردىي لەۋھە» يېنىدا تۇرۇپ رەسىمگە چۈشتۈم.

2

ئىش بۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشمىدى! قۇمۇل، باركۆل، جىمسار سەپىرىدە خىيالىمنى يېقىنقى يىللاردىكى پاجىئەلىك بىر قاتار ھادىسىلەر چۇلغىۋالدى. ئاجايىپ-غارايىپ، باش-ئايىغى يوق چەكسىز پىتنە-بۆھتانلارنى ئويدۇرۇپ ئىلىم ۋە ئىجادىيەت بېغىمىزنىڭ ۋايىغا يېتىۋاتقان سەرخىل مېۋىلىرىگە شىۋىرغان ھەيۋىسىنى پىلانلاۋاتقان زادى قايسى قاباھەتلىك قارا سايە؟ بۇ زادى كىم???

چەكسىز دەشتى-باياۋاندا، بىھەيۋەت تاغۇ-تاشلار ئارىسىدا خۇددى ۋابا ئالۋاستىلىرىغا قارشى ئاتلانغان قەھرىمان چىنتانى ئىلىكىنىڭ ئاۋازىدەك «بۇ زادى كىم???» دېگەن نەھرە گۈلدۈرمامىغا ئايلىنىپ تەكرارلانغاندەك بولدى. كۆزۈمگە ھەر خىل ئوبرازلار كۆرۈندى! ئەمما بۇ ئوبرازلارنىڭمۇ ئۆز ئۆمۈرلىرىدە يەنىلا باشقا بىر پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە گىرىپتار بولغانلىقلىرىنى ئويلىغىنىمدا، ئۇلارنىڭ نادانلىق ۋە ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت ماخاۋ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. تولىمۇ دەبدەبە بىلەن ۋە توختىماي ۋايساش بىلەن باشلانغان بۇ كېسەللىك قانچە مىڭلىغان ھەسەتخورلارنى ۋە ئۇنىڭ بىگۇناھ قۇربانلىرىنى ئوخشاشمىغان ئاچچىق ئارمان بىلەن يورۇق دۇنيادىن قارىغۇ لەھەت دىيارىغا سۆرەپ كەتكەندۇ؟!

مۇشۇ ھەسرەتلىك خىياللار بىلەن تەگرىتاغنىڭ شەرقىي قانىتىنى بىر ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ غەربىي قانىتىنى بويلاپ قەدىمكى قاراخانىيلار خارابىلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۈچۈن قىزىلسۇ ۋە قەشقەر تەرەپكە يولغا چىقتىم. خىيالىم بىردىن قەدىمكى دۇنياغا يۆتكەلدى. ھەتتا ماڭا:

«تەكلىماكان، ئۇ ئەسلى تەھ-تى ماكان» دېگەن شېئىرمۇ، «قىزىل يولغۇن ئەجدادىمىز قانلىرى» دېگەندەك شېئىرلارمۇ ھەسرەتلىك ئۈنۈلۈشقا باشلىدى. ئاتۇش قۇمساغىردىكى قاراخانىيلاردىن ئىلگىرىكى خانلار جەسەتلىكى جايلاشقان سالافلار يارلىقىدا قاتار ئېچىلىپ قالغان مىڭ يىلدىن ئىلگىرىكى جەسەت سۆڭەكلىرىمۇ نوقۇل ئارخېئولوگىيىلىك ئوبيېكت بولماستىن، يەنە مەنىۋى شەجەرىلىك ئوبيېكت بولۇپ كۆرۈندى. بۈنىچە نۇرغۇن كارتون قەغەزدەك ئېچىزلەپ كەتكەن كاللا سۆڭەكلىرىنىڭ قايسىلىرى ھەسەتخورلۇقنىڭ زەھەر كوزىسى، ئاتەشدانى ۋە قايسىلىرى ھەسەت ھەم پىتنە ئۇۋالى بىلەن ھەسرەتلەنگەن ئەقىل كاسىسى بولغان بولغىيتتى! قېنى «غالىب»نىڭ ئەسىرلىك شۆھرەت لەۋھەسى؟ زادى قېنى؟!

مانا بىز بولغۇن تېپىۋالغان ئاقچا پۇللار، سىلىق ئىشلەنگەن قىمار تۆت ھوشۇقى، زىبۇزىننەن پارچىلىرى... قانچە، قانچە رەشكى-ھەسەت، پىتنە-ئىغۋا پەيدا قىلغان ۋە «غالىب» قولىدىمۇ تۇرمىغان!

بىز خالتا كوچىدەك بۇ ئۇستىخانلىق يارلىقتىن تولىمۇ تەسلىكتە چىقىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئىككى مېتىر تۇپراق تېگىدە قاتار كەتكەن بوتكىلاردەك بېشىنى چىقىرىپ ياتقان ئاپئاق ئادەم سۆڭەكلىرى ھەسرەتلىك خور ئوقۇغاندەك قىلدى. ئۇلار ئاۋاز چىقارماي ياتاتتى، مېنىڭ قەلبىمدە بولسا مۇشۇ كۆرۈنۈشلەردىن خۇددى ئەكس سادادەك شەيخ سەئدىنىڭ مۇنۇ بىر شېئىرى جاراڭلاشقا باشلىدى:

«ھەسەتخورغا ھاجەتسىز تىلىمەك بالا،
چۈنكى بۇ شۇم تەلەي ئۇنىڭ ئىلكىدە!
شەرت ئەمەس ئاداۋەت تۇتماقلىق ئاڭا،
ھەسەت ئۆز رەقىبى يۈرگەن كەينىدە!»

بەزى سۆڭەكلەردىن: «ھەسەت ۋە كۆرەلمەسلىكتىن خالىي بولغانلىقىم ئۈچۈن نەۋرەمنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە ياشىدىم!» دېگەن سۆزلەر ئاڭلانغاندەك بولدى.

## 3

قولۇمدىن ئۆستەڭگە دومىلاپ چۈشۈپ كەتكەن، ئوخشىمىغان ئىككى دەۋردە ئۈستىگە تامغا سوقۇپ ياسالغان ئىككى دانە مىس پۇلنى قوملار ئارىسىدىن سۈزۈۋېلىپ، قول ياغلىقىمدا ئېرتىۋېتىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىدا رەشكى - ھەسەت، پىتنە - ئىغۋا ۋە ساتقۇنلۇقنىڭ ئوينىغان جىنايى رولى ھەققىدە ئويلاندىم. تۇرقى - سىياقى ئىنسان بولسىمۇ رەزىللىكى مۇئەييەن بولغان شەخسلەر كۆز ئالدىمغا كېلىشكە باشلىدى . . .

ئېركىن، بوسات، تولەت قاغانلاردىن باشلانغان، تەڭرى قاغان، مويۇنچۇر قاغان زامانىدا روناق تاپقان ئۇيغۇر خانلىقى (745 — 840) ۋەزىر قاراقوۋۇ بىلەن سانغۇن كۆلۈگ باغا ئوتتۇرىسىدىكى ھەسەتچىلىك تۈپەيلى، قاراقوۋۇنىڭ قاغانلىققا كۆتۈرۈلۈشكە چىدالمىغان سەركەردە كۆلۈگ باغانىڭ تەپتارتماستىن، تۈركەش قىزىدىن تۇغۇلغان ۋە توبۇت مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەن سايان ئالتاي قىرغىز خانى ئاجۇسۇنىڭ يۈز مىڭ ئاتلىق قوشۇنىنى ئوردىغا باشلاپ كېلىشى بىلەن بىتچىت بولغانىدى!

ھېلىمۇ شۇ تارىخنى ئوقۇغان چېغىمدا خۇددى بىر پاجىئەلىك كۆپ قىسىملىق فىلىم كۆرگەندەك ھەسرەتلىنىمەن. ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى باشلىغان قارشىلىق ۋە ئىسيان قاتتىق باستۇرۇلدى. ئاجۇسۇ قارابالغاسۇن ئالدىغا كېلىپ شەھەرنى تۇتقۇن قىلىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش ئالدىدا مۇنداق ئۇرۇلاندى: «سېنىڭ تەقدىرىڭ پۈتتى! سېنىڭ ئالتۇن ئورداڭنى تېز ئىگىلەيمەن، ئۇنىڭ قاپىقى ئالدىغا ئېتىمنى باغلايمەن، ئۈستىگە تۇغۇمنى سانجايمەن! ئەگەر مەن بىلەن جەڭ قىلىشقا چىدىساڭ تېز كەل، چىدىمىساڭ تېز قاچ!①» غالىب ئۆزىگە سېتىلغان سەركەردىنىڭ بېشىنى ئامان قويمىدى. قار - بوران، ۋابا ئاپىتى، ئاچارچىلىق بىلەن سەرسانلىق - سەرگەردانلىق دالاسىغا تاشلانغان بىر پۈتۈن ئەل-جامائەت ھەر تەرەپكە پىتىراشتى. ئوكەتېكىن ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئۇمۇس، چىسسىن،ناسىچور، ئېنان قاتارلىقلار باشلىغان قەبىلىلەر موڭغۇل يايلىقى، ئوردوس ۋادىسى، مانجۇرىيە دىيارىدا ھېچقانداق مەرھەمەت ۋە پاناھقا ئېرىشەلمەي جەڭ ۋە ئاپەت ئىچىدە يەتتە يىل تەمتىرەپ ھالاك بولۇشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخچىسى گومىلېۋ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇش جەريانلىرىنى يازغاندا«تولىمۇ پاجىئەلىك تولىمۇ ئېچىنىشلىق» بۇ تارىخىي ھادىسە«ئوقۇل ھەربىي - سىياسىي سەۋەبلەردىن بولغان ئەمەس» (شۇ كىتاب، 432 - بەت) دەپ تەكىتلىدى. ئۇ، قارابالغاسۇن پاجىئەسىنىڭ ئوكەتېكىن قەبىلىلىرى بېسىپ ئۆتكەن يەتتە يىللىق خار - زارلىقتىكى ئاچچىق داۋامىنى قايتا ئەسلەتتى. مۇشۇ خىلدىكى ھەسەت ۋە نادانلىق،توغرۇلۇق ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ھەسرەتلىك خىتابەتلەر چېكىلگەنىدى.

① «قىرغىز س س ر تارىخى. 1973 - يىل فرۇنزى نەشرى، 132 - بەت» ياكى ل. گۇمىلېۋ يازغان «قەدىمكى تۈركلەر» ناملىق كىتابنىڭ 1967 - يىل موسكۋا نەشرى، 429 - بېتىگە قاراڭ.

كۆل بىلگە قەدىرخان، سۇلتان ساتۇق بۇغراخاندىن باشلانغان ۋە گۈللىنىشكە يۈزلەنگەن ئۇيغۇر قاراخانىلار خاندانلىقى (840 — 1123) رەشكى ـ ھەسەت ۋە ئىچكى نىزا بىلەن خېلىلا ئاجىزلىدى. ھەسەت بەزىدە خانلىق تەۋەسىدىكى قەبىلىلەرنى پارچىلىنىشقا قىزدۇرسا، بەزىدە ئۆز ئۇرۇقىنى كۆتۈرۈش يولىدا ۋەتەن سېتىپ، چەتنىڭ قوشۇنىنى سەلتەنەتكە باشلاپ كىرىشكە ۋەسۋەسە سالدى. مەھمۇدخان سالجۇق سۇلتانىدىن ياردەم سورىسا، قارلۇقلار ياغمىلارغا قارشى قاراقىتان شاھى گۈرخان قوشۇنلىرىنى خاندانلىققا باشلاپ كەلدى.

مۇشۇ خىلدىكى ھەسەت ۋە نادانلىق ھەققىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 6601 ـ، 5878 ـ، 3416 ـ، 3422 ـ بېيىتلىرىدە ھەم ھەسرەتلىك، ھەم شىجائەتلىك پىكىر يۈرگۈزىدۇ:

«چايانداك چاقۇرلەر، چىۋىنداك شورارلەر،
ئىتتەك قاۋارلەر، قايسىسىنى ئۇراي مەن.»

«بۇ يالغانچى بىلەن بۇزۇلۇر ئاجۇن»،

«كىم ئاسىل بولۇركەن پەزىل ـ نەسەبتە،
دۈشمىنى كۆپ بولۇر تەرەپ ـ تەرەپتە.»

«قايۇ ئەرگە دۈشمەن يىغىلسا تولۇپ،
بىلىڭكىم، ئۇ ئەرنىڭ پەزىلىتى كۆپ.»

«كۆر، ئىتتىن قاچقان ئۇ بۆرى بولۇرمۇ،
ئاڭلانسا كەينىدىن مىڭ ئىتنىڭ ئۈنى.»

بۇنداق رەشكى ـ ھەسەت سەئىدىيە (يەكەن) خاندانلىقى بىلەن ئەرشى سۇلتانلىقىنى پاجىئە دەرياسىغا غەرق قىلىۋەتتى:

سۇلتان سەئىدخاندىن باشلانغان ۋە ئابدۇرەشىد خان، ئابدۇكېرىم خان زامانىدا گۈللىنىش مەنزىرىسىگە قەدەم قويغان يەكەن سەئىدىيە سۇلالىسى (1510 — 1678) بۇخارالىق مەخدۇم ئەززەم ئىشاننىڭ ئەۋلادلىرى باشلىغان غايەت زور مىللىي ئىجتىمائىي تەپرىقىچىلىق «ئاقتاغلىق»، «قاراتاغلىق» ماجىرالىرى ئىچىدە «ئاقتاغلىق» ھىدايىتۇللا ئىشان ئاپپاق خوجا ساتقۇنلۇقى بىلەن مۇنقەرز بولدى! غەلىتىلىكى شۇ ئىدىكى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ۋەخپىلىرىنى تەسەررۇپ قىلىدىغان تەييارتاپ «ئاقتاغلىق» شەيخلەر قەشقەردىكى ھىدايىتۇللا ئاپپاق خوجا مازىرىنى تاۋاپ قىلاتتى. يەكەن، يېڭىسار ئەتراپىدىكى «قاراتاغلىق» شەيخ ۋە مۇرىتلار سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئەۋلادلىرىدىن مەۋلانە سەئىد قەشقەرى قىزى بىبىچەدىن تۇغۇلغان ئىسھاق ۋەلىي بۇ مەزھەب باشلىقى بولغانلىقى تۈپەيلى، ئاتۇشتىكى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرىنى تاۋاپ قىلاتتى.

ئاپپاق خوجا ۋە خېنىم پاشا قاتارلىقلارنىڭ ئىشانچىلىق تۈسىگە كىرگەن ھەسەتچىلىك ئوتلىرى مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان خەلق بېشىغا چىققان، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بېكىنمە ھالەتتىكى نادانلىق، ئىتتىپاقسىزلىق جاھالىتىنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرىنى پەيدا قىلغان. «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر پاجىئەسى» دەپ ئاتالغان بۇ بالايى قازادا ئۇيغۇر ھەسەتچىلىكى مىسلىسىز بەدبەشىرە «جاھالەت دېۋە ـ پەرىلىرى» يارىتالايدىغان شورى قۇرۇغان يېڭى مۇمكىنلىكلىرى بىلەن ئىلغار ئىنسانىيەتتىن بارغانسېرى ئايرىلىپ قالدى! يېپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشى نادانلىق ۋە تەپرىقىچىلىققا تېخىمۇ ئەشەددىي ۋە ئەسەبىي «كامالەت» شەرتى ھازىرلاپ بەردى.

دانىيال خوجا (؟ — 1730)دىن باشلاپ خوجا ياقۇپ ئەرشى (1685 — 1755) زامانىدا «ھۆسەيىن بايقارا دەۋرىدەك گۈللەنگەن» (مۇھەممەد سادىق قەشقەرى) ئالتە شەھەر سۇلتانلىقى (1700 — 1755)نى ئاپپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى بۇرھانىدىن خوجا باشلىغان جوڭغار قوشۇنلىرى «ئاداۋەت مىراسى» تۈپەيلى قانغا غەرق قىلدى! ئەرشىنى

ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنى، ھەمراھلىرىنى ساتقۇن قۇبات مىرزا قولى بىلەن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى! ئۇيغۇر خەلقى تارىخىدىكى يېرىم ئەسىر داۋام قىلغان ئاخىرقى بىر ئاسايىشلىق خانلىقنىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈلدى!

بۇنداق رەشكى - ھەسەت ئۇچقۇنىدىن تارالغان پاجىئەلىك يانغىن ھەققىدە توختالغاندا، موللا مۇسا سايرامى «ئىككى تىللىق قەلەم ۋە ئەقىل ئاجىزلىق قىلىدۇ» دېسە، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى چەكسىز غەزەپ بىلەن:

«تائەتى ئانىڭ ئوغرىلىق ھەم قاراقچىلىق ھۈنەر،
ھەم ھارامخورلۇق پەزىلەت مۇخلىسى سۇلتانىغا.
ئاشىناسى دۈشمىنىدۇر، مېھرىبانى قاتىلى،
ھەممىنى تاراج ئېتىپ، زەخمەت بېرۇر سۇلتانىغا.
ھېچ قەۋمى سادىقا ئۇشبۇ سىفەتلىك بارمىدۇر،
دېۋە، ھايۋان ئار ئېتەر، بۇ شۇمنىڭكى ھەر كارىغا»

دەپ يازدى.

بۇ پاجىئە بىلەن ھەسرەتتە جان ئۈزگەن لېرىك شائىر، دىيانەتلىك سۇلتان ئەزىشى مۇنداق نىدا قىلغان:

«يەر يۈزىنى لالەزار ئەتكەي تۆكۈلگەن قانىمىز،
بارچە يارى مۇئتەقىدلەر كۈيلىگەي ئارمانىمىز!»

زىيائىينىڭ «مەھزۇنىل ۋائىزىن» (قايغۇلۇق نۇتۇقلار)، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «نەسىھەتى ئامە»، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئۇيغۇرۇم»، «باردۇر» قاتارلىق ئەسەرلىرى مۇشۇ تۆكۈلگەن قان، مۇشۇ كۈيلىنىدىغان ئارماننى ئاقىللارچە چەم بىلەن تونۇپ يېتىش ئاساسىدا يېزىلغان!

ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى ھالاكەت دېڭىزىغا غەرق قىلغان ئاشۇ «ئەزىمەت»لەر ئۆز ئىشىنى «مىللەت» تۇغى ۋە «مېنىڭ بەرھەق» يېپىنچىسى بىلەن ئېلىپ بېرىشمىغانمىدى؟ لۇشۈن ئەپەندى «جۇڭگو تارىخىنى ئاقتۇرۇپ ئىككى بەھەيۋەت خەتنى تاپتىم. ئۇ بولسىمۇ: ئادەم يېيىش!» دېگەنىدى. ئاڭلىق ھەم ئىجتىمائىلىق، جانلىق ھەم ھەسرەتلىك تەپەككۇر تۆرىدە تۇرۇپ ئۇيغۇر تارىخىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا بىز قايسى بەھەيۋەت خەتنى تېپىپ چىقىشىمىز مۇمكىن؟؟

## 4

قولۇمىدىكى مىس ئاقچىلار ئەلۋەتتە ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىنىڭ يادنامىسى. ئۇ كەلسە كەلمەسكە كەتكەن! ھازىر قالغىنى پەقەت پۇقرا - ئۇيغۇر خەلقى، مۇشۇ مىللىي ئىجتىمائىي گەۋدە. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بىۋاسىتە ئەمەلىي تەپەككۇرىدا جاھالەت ۋە ھەسەت شۇنداق ئەندىشىلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەنكى، «ئەگەر يوق بولسا ھازىرلىق بۇ مىللەت ھەم يوقالغايمۇ؟» (ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى: «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» ناملىق شېئىرىدىن) دېگەن ئادا - جۇدالىق دەرىجىسىگە يەتكەن! بۇ ھازىرلىق - مىللەتنى ئەقلىي مىللەتكە، زامانىۋى ئاڭدىكى بىلىملىك مىللەتكە، جۈملىدىن مىللەتنى ھەسەتكە نەپرەت ۋە لەنەت ياغدۇرىدىغان مىللەتكە، ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى قىلچە زەخىملەندۈرىدىغان ھەر قانداق سۆز - ھەرىكەتكە شەرتسىز ھەم رەھىمسىز قارشى تۇرۇپ، ھەسەت ئالۋاستىلىرىنى مىللەت ئەنجۈمەنىدىن لەنەت چۆل - جەزىرىسىگە ئىرغىتىپ تاشلايدىغان مىللەتكە ئايلاندۇرۇش ھازىرلىقىدىن ئىبارەت! چۈنكى، ئەمدىلىكتە مىللەتنى سۆيۈش قانداقتۇ ئۆتكەن خانلىقلار ھەققىدە خامۇش لاپ ئۇرۇش بىلەن ئەمەس، قانداقتۇ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەيدىغان

www.uyghurkitap.com

پىتنە - پاسات ۋە يالا - ئۆھمەت بىلەن ئەمەس، قانداقتۇ مۇشۇكىيا پىلاقتەك جىمغۇر بولۇۋېلىپ، سوغۇق قول سېلىپ قىرقىپ تاشلاش بىلەن ئەمەس، دەل بۇلارنىڭ ئەكسىچە، بىلىم ۋە ئىناقلىقتىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى ھاياتىي كۈچ ئۈستىدە ۋىجدانىنى باشقا تۇرۇش ۋە ئىشلەش بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولدى! مۇشۇ نۇقتىدىن ئەشەددىي ھەسەتخورلارنى مىللەتنى ھالاكەتكە ئىتتەرگۈچىلەر دەپ ئەيىبلىشىمىز مۇمكىن. ئۇلارنى تارىخىمىزنىڭ سەلتەنەت دۇردانىلىرىنى ھالاكەت دېڭىزىغا غەرق قىلغان ئاشۇ ئەسەبىي جىنايەتكار ئەرۋاھىنىڭ بۈگۈنكى ۋارىسلىرى، دەپ ئاتاشقا ھەقلىق ئەمەسمىزدۇ؟

بەزىلەر: «ھەسەت شەخسكە قارىتىلغان، مىللەتكە، دۆلەتكە قارىتىلغان ھەسەت بولمايدۇ» دېيىشى مۇمكىن. بۇ دەل شەخسكە قارىتىلغان ھەسەتنىڭ «مىللەت» تۇغىنى كۆتۈرۈۋېلىشىدىكى بىر باھانىسى، خالاس! ھەسەت شەخسكە قارىتىلغان شەكىلدە باشلىنىپ، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى پارچىلاپ، مىللەتنى، دۆلەتنى خانىۋەيران قىلىدىغانلىقىنى مەن مەزكۇر ژۇرنالنىڭ بۇ يىلقى 4 - سانىدا «ھەسەتخورلۇق مىللەتنى خارابىلاشتۇرىدىغان خەتەرلىك روھىي ئىللەت» ناملىق ماقالەمدە بەش قاتلاملىق نۇقتا بىلەن شەرھلەپ ئۆتكەنىدىم. بۇ، تارىخ تەكرار ئىسپاتلىغان ھەقىقەت! ئۇنى قايتا ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشتەك قىيامەت خورلۇقىدىن خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

مەھمۇد خوجا پوچى بايانداي جەڭلەردە ياغاچتىن «پو» ياساپ ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى قاتارىغا سۈقۇنۇپ كىرىۋالغانىدى. ئۇ كېيىن ئەزەمخان سۇلتانىنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ، ئىلى سۇلتانلىقىدىكى باش سەركەردە ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈش پاجىئەسىنى پەيدا قىلدى. بۇ «شەخسكە قارىتىلغان ھەسەت» ئىدىغۇ؟!

ئەلشىر ناۋائىنىڭ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بولغان بۇرادەرلىكى تۈپەيلى رىشىك- ھەسەتكە چۆككەن مەجدىددىن مۇھەممەد ئەينى زاماندا ۋەزىر نىزامۇل مۇلۇككە سۈيىقەست ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋەزىر بولغانىدى. مەجدىددىن مۇھەممەد ۋەزىرلىككە چىقىپ گەرچە دۆلەت خەزىنىسى مەنپەئەتى ئۈچۈن»، نىزامۇل مۇلۇك ۋاقتىدىكى ئىككى تۈمەن پۇللۇق كىرىمنى بىردىنلا ئىككى مىڭ تۈمەن پۇللۇق غايەت زور كىرىمگە كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، سادىدا مەنپەئەت تېشى بىلەن ئەقىل ۋە ئەخلاق دۇردانىلىرىنى سۇندۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئەلشىر ناۋائىنى پايتەختتىن چەتنەشتۈرۈشى بەلخ ھاكىمى دەرۋىش ئەلى باشلىغان ئىسياننى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە، مەجدىددىن مۇھەممەد ئۆز ئورنىنى يەنە نىزامۇل مۇلۇككە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ۋە پايتەختتە تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋېلىنغان ئەلشىر ناۋائىنىڭ نەپرىتىگە دۇچار بولۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇندا! ھەسەتخورلۇققا ئېبىن سىنا (رەقىبى تەجۇلمۇلۇك)، ئۇلۇغبېگ (رەقىبى خوجا ئەرار) ھەم دۇچ كەلگەن.

ئۇلۇغبېگ ئۆزىنىڭ ئەقىلپەرۋەرلىكى، ئىلىم - پەن، شېئىرىيەت ۋە سەنئەت ساھەسىدىكى نەتىجىلىرى تۈپەيلى خوجا ئەھرارنى روھىي ئىرەك قىلغان مۇتەئەسسىپ كۈچلەر تەرىپىدىن ھەسەت دېڭىزىغا تاشلاندى. مۇشۇ مۇتەئەسسىپ كۈچلەر «دىنىي ئەنئەنىنى قوغداش» نىقابىدا ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلەتىپنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. مۇتەئەسسىپ روھىيەت نوپۇزلۇقلىرى تەرىپىدىن ئالدانغان ئابدۇلەتىپ 1449 - يىلى 27- ئۆكتەبىر كۈنى ئۇلۇغبېگنى قەتل قىلدۇرۋەتتى!

ھەممىگە مەلۇم، شائىرە ئامانىسا خېنىمنىڭ مەرىپەت ۋە سەنئەتپەرۋەر پائالىيەتلىرى ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى رەشكچىلەرنىڭ پىتنە ـ بوھتانلىرىدىن خالىي بولالمىغان، نەتىجىدە، ئاتالمىش «شەخسكە قارىتىلغان ھەسەت» ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ھالاكەتلىك قانۇنىيەتلىرى بويىچە مىللەتكە زەبۇنلۇق لاتقىلىرى تاشلىغان!

ئەلشىر ناۋائىي نامەرد ھەسەتخورلۇققا مەردانە تاقابىللىق توغرىسىدا مۇنداق يازغان:

«مەرد كىشىدۇر خىزمىتىدىن قايتارمىغان باش،
ئەگەر ئاسماندىن باشىغا ياغسا ھەم تاش.
ئەگەر ئول تاشلار بىلەن باشىڭ يارىلغاي،
سائادەت بەلگىسى ئول يارا ئورنى قالغاي.»

زەلىلىي ھەسەتخورلۇقنىڭ ئىجتىمائىي ئاقىۋىتى ئۈستىدە مۇنداق يازغان:

«ئەگەرىلمەكتىن چىمەن ئىچرە تىكەن،
خار تۇرۇر گەرچە گۈل ئىچرە ۋەتەن.»

«بۇ پىشە سەر ھەددە ھەر تەرەپ يۈز شىرۇ ئەجدىھا،
خالايىقنىڭ كۆزىدە پەردە ئەپلەت نۇر ئايان بولماس.»

ئابدۇللا خاراباتى پىتنە ـ ھەسەتنى مىللىي ئاپەتنىڭ تۈرۈكى سۈپىتىدە مۇنداق ئەيىبلەيدۇ:

«پىتنە قىلماق خۇنى ناھەقتىن يامان،
پىتنىچى قالماس جەھەننەمدىن ئامان.
خۇنى ناھەق پىتنىدىن پەيدا بولۇر،
پىتنىدىن ئالەمدە كۆپ غەۋغا بولۇر.
ئۇشبۇ ئالەم پىتنىدىن بولغاي خاراب،
پىتنىدىن كۆپرەك كىشى كۆرگەي ئازاب.»

مۇتەپەككۇر ئەجدادلىرىمىز پىتنە ـ ھەسەتنىڭ ئىجتىمائىي ئاقىۋىتىنى قانداق روشەن كۆرسەتكەن ـ ھە!

## 5

بالاساغۇن كونا خارابىسى ۋە بۇقالىغان قارا ئارچا «ئارتۇچ» قالدۇقلىرىنى ئىزدەش جەريانىدا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ جىيەنى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ سىڭلىسى ھەلىمە خانىمنىڭ ئوغلى مەشھۇر ئۆلىما زەيىنۇل ئابىدىن مەۋلەۋى داموللا ھاجىم بىلەن ئۇچراشتىم. بىز بىلەن مەھەللىداش بۇ كىشى ماڭا خوجا ـ ئىشان ئەۋلادلىرىدىن ئاتۇشتىكى بىر دىنىي خانىقا ئىگىسى بولمىش ××× بىلەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بىر قېتىملىق سۆھبىتىنى سۆزلەپ بەردى.

ئىشان: «ئىبلىسنىڭ بەدبەشەرە شەيتانغا ئايلىنىشىدىكى سەۋەب نېمىدىن؟» دەپ سوئال قويغان.

داموللام: «ئاللا ياراتقان ۋە ھەممىنى بىلەرلىكى بىلەن مالايىكلارنى ھەيرەتتە قالدۇرغان ئادەمگە كىبىر ـ ھەسەت تۇتقانلىقى، شۇنىڭدەك مالايىكلار ئارىسىدا تەپرىق پەيدا قىلىدىغان بوھتان بىلەن شوغۇللانغىنى ۋەجىدىدىن ئىبارەت» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىشان: «شەيتاننىڭ ئالامىتى نېمە ئىدى؟» دەپ سوئال قويغان.

داموللام: «ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى بىلمەسلىك ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىشان: «شۇ شەيتاننىڭ بىشارىتى نېمىدىن ئىبارەت بولغاي؟» دەپ سوئال قويغان.

داموللام: «نادانلىقتا ياتقان خەلقتىن چىققان نادان ئىشاننىڭ نادانلىقىنى تەرغىب قىلىشىدىن ئىبارەت» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىشان دۇدۇقلىغىنىچە بۇ سورۇندىن چىقىپ كەتكەن.

ئابدۇقادىر داموللا بىننىمى ئابدۇۋارىس — 20 ـ ئەسىر مۇقەددىمىسىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرى، دېموكراتى ۋە مەرىپەتچى مۇتەپەككۇر ئالىم ـ شائىرى ئىدى. ئۇنىڭ رەشكچى پايلار بىلەن ئۆلىما ـ زىيالىيلار

شەۋكەت مەسنەۋىيلىرى ۋە مىلىتارىست ئەمەلدارلارنى قۇتۇرىتىپ، 1924 - يىلى ھېلىم (تاز) مەزۇننىڭ قولىدا قەتىل قىلىۋېتىشتى. بۇ سۇيىقەستكە ئەينى زامان ۋە ئىلگىرىكى زامانىنىڭ بەدنىيەت جاسۇسلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇھ «مىللەتپەرۋەر ئۆلىما» قىياپىتىگە كىرىۋالغان كەسپىي تۆھمەتخورلىرىمۇ پائال قاتناشتى. بۇ رەشك - ھەسەت پاجىئەسىدىن زارلانغان خەلق:

«داموللام شېھىت بولدى،
ياتار جايى بېھىش بولدى.
داموللامغا قەشقەرلىق
كۆپ يىغلاپ بىھوش بولدى»

دەپ قوشاق قاتتى. مانا بۇ ئەل قەلبىدىكى بېھىش ئىدى!

مەمتىيلى ئەپەندى توختاجى (تەۋپىق)، قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر شائىرلار مەرسىيە يېزىشىپ، ئۇنى ھىدايەت كانى، ئالىي ھىممەتلىك ئۇستاز، كەرەملىك دېڭىزى، خەلق غەمگۇزارى، ئالىي تەپەككۇر ئىگىسى، ھەقىقىي ئىسلاھاتچى ئالىم دەپ، ئۇنىڭ كۆز يۇمغانلىقىغا نادامەت قىلىشتى.

ئۇنىڭ سۆزلىرى مىللەتنىڭ روناق تېپىشى بىلەن نادانلىق ۋە ھەسەتخورلۇقنىڭ ئوت بىلەن سۇدەك زىددىيىتىنى ئېچىپ بەردى. ئۇ «ئاقائىد زەرۇرىيە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازغانىدى:

— «ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا سەۋەب نېمىدۇر؟

— ئىككى نەرسىدۇر: بىرى جاھىللىق ۋە نادانلىق، ئىككىنچىسى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر.»

— «ئىززەت - ھۆرمەت، كۈچ - قۇۋۋەت نېمە بىلەن ھاسىل بولۇر؟

— ئىلىم - مەرىپەت ھەم ئىتتىپاقلىق بىلەن ھاسىل بولۇر.»

ئابدۇقادىر داموللام «قۇتادغۇبىلىك»، «ھىبەتۇل ھاقايىق» داستانلىرىدا تەكىتلەنگەن «بىلىك» — ئىلىم - پەن قاراشلىرىغا يەنە مىللەتنىڭ ئويغىنىش كۈچى — بىرلىك ھەمدەملىكى تېماتىكىسىنى قوشتى! ئۇ شۇنداق قىلىپ پولاتتەك مۇستەھكەم ھەم مەدەنىيەتلىك مىللەت غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ قانۇنىيەتلىك زۆرۈرىيەتلىرىنى روشەنلەشتۈرۈپ بەردى. ئۇنىڭ قاتىللىق تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، نادانلىق ۋە ھەسەتتىن ئىبارەت رېئال ئىللەتنىڭ پاجىئەلىك راۋاجلانغانلىقى بولدى!

ئابدۇقادىر داموللام «مۇخەممەس» ناملىق 120 مۇخەممەس كۇپلېتىدىن تەشكىل تاپقان مەشھۇر داستانىدا نادانلىق ۋە ھەسەتنىڭ ئەينى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتى قاتلام ۋە ساھەلىرىدىكى ئىپادىلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. ئۇ بولۇپمۇ قەلەم ۋە تىل بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شائىر، ئەدىب تەرجىمان، مىرزىلار ئۈستىدە توختالغان ئۇلارنىڭ يارىماس قىلىق ۋە جىنايى پىتنە بوھتاندىن يىراق بولۇپ، خەلقنى ئىلىم ۋە بىرلىك - ئىتتىپاقلىققا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى نىشان خاراكتېرلىك خىزمەتنى ئاڭلىق ئىشلەشكە دەۋەت قىلدى. ئۇ:

«قارانى ئاق ئەيلەمەك، ئاقنى قارا كارى قەلەم،
بۇ سەبەبدىن دائىما ئەكسەرلەرگە يەتمىش ئەلەم.»

«ھەممىدىن بەتتەر قەلەمگەر بولسا گەر ئەھلىي شەرر،
ئەلھەزەر، سۇممەل ھەزەر، سۇممەل ھەزەر، سۇممەل ھەزەر»

دەپ يازدى. ئۇ، شائىر، ئەدىبلەرنىڭ ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىدىغان مەسخىرىۋازلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئورنىغا دوستانىلىقنى ئۇستۇرىدىغان ۋەسىپنى بايان بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەۋسىيە قىلدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ، بۇ ھەقتە نەپسى شەيتان كەينىگە كىرمەي، ئەقىل بىلەن ئىش تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدى.

ئابدۇقادىر داموللام «مىۋىلەر مۇنازىرىسى» ناملىق يەنە بىر داستانىدا ئۆلىما - زىيالىيلار ئارىسىدىكى بىر - بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىش، رەشكى - ھەسەتچىلىكنى پاش قىلىپ، ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ روھىيەت باغچىسىدا ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن تۇتۇشى، بىر - بىرىنى قوللىشى لازىملىقىنى تىلغا ئالدى. ئۇنىڭچە، بۇ باغ ھەر خىل مىۋىگە مۇھتاج. ئابدۇقادىر داموللام بىر مەملىكەتتە سۇلتان بولمىغاندىمۇ دانا پىرى-ئۇستاز بولۇشى لازىم، ئۇ قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى، دەپ قارايتتى. بۇ، خوجىلار دەۋرىدە ياشىغان ئابدۇللا خاراباتىنىڭ «مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق ئەسىرىدە، ئوخشاش دەۋردە مۇنداق تىلغا ئېلىنغان:

«ئەھلى دىنا مەشئەلى روھىي زەمىن،
كىمدە مەشئەل بولسا تۈن خەۋپتىن ئەمىن.
ئەي بۇرادەر بولما دىناسىز بۇگۈن،
بولماغىل ھەرگىزمۇ مەشئەلسىز بۇگۈن.»
«ھەر دىيارنىڭ چىراغىدۇر ئالىمى،
ھەر قارا تۈننىڭ ماھى ئالىمى.»

زەينۇل ئابىدىن داموللا ھاجىم بىلەن بولغان سۆھبەتتىن كېيىن مەن ئۆيگە قايتتىم. نادانلىق ۋە رەشكى-ھەسەتنىڭ يېقىنقى ۋە قەدىمكى پاجىئەلىرى ئۈستىدىكى ھەسرەتلىك ئەسلىمىلىرىمنى تەپەككۇر تەلقىنلىرىغا سېلىپ، تۈن نىسپىگىچە ئۇيقۇ ئارامىغا كىرەلمىدىم.. كۆزۈمگە ھېلىمۇ تازا مەزمۇنلۇقنى راۋا كۆرگۈچى تائىپە بىلەن ھەسەت پاجىئەسى پىلانلىغۇچى ئاتامانلارنىڭ خۇنۇك تەلەتى كۆرۈنگەنىدەك بولدى. ھەسرەتلىكى شۇكى، بۇ خىل پېرسوناژلار ئەينى زامانلىرىدا كىشىلەر كۆزىگە ئەسلى قىياپەتلىرىنىڭ دەل ئەكسىچە گۈزەل ۋە نەپىس قىياپەتلىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بەقەت مۇقەددەس ۋاقىتلا، ئۇلارنى كېيىنكى ئەۋلادلار ئالدىدا ئەسلى قىياپىتى بويىچە يالىڭاچلاپ قويىدۇ. ۋەھالەنكى، مۇنداق يالىڭاچلاپ قويۇش ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر بەدىلىگە ئورۇندىلىدۇ، خالاس!

## 6

بۇ يىل «خەلق تىياتىرى»دا كەچلىك كونسېرتقا قاتناشتىم. مەن ئويۇن باشلىنىپ قالغاندا زالغا كىرىپ ئورنۇمنى تېپىۋالغانىدىم. سەھنىدە ئاتاقلىق بىر ئايال ئۇسسۇلچى ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇسسۇلى مېنى خېلىلا دەھلىيا قىلغانىدى. ئارقامدىكى قاتاردا ئولتۇرغان يەنە بىر ئاتاقلىق ئەر ئۇسسۇلچى يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا قاراپ: «ئۇ قېرىدى سەھنىدىن چۈشۈرۈۋەتسۇن، بېلى قېتىپ ئېگىلمەلمەي قاپتۇ...» دەپ سۆزلەپ كەتتى. بىز تونۇشاتتۇق، ئەمما قاراڭغۇدا ئۇ مېنى ئارقا تەرىپىمدىن تونالماي قالدى. مەن ھەيران بولدۇم، ئۇلار بىللە ئوقۇغان، تەڭتۇش ساۋاقداشلاردىن ئىدى. تەرلەپ كەتتىم، تامچىغان تەر مونچاقلىرى بىلەن بۇ ھەسەتچىنىڭ ھۆرمەتى ئىنگىرىدىكى ئېگىزلىكتىن پەسكە دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. يادىمغا يەنىلا سەئدىنىڭ مۇنۇ بېيىتى كەلدى:

«رەھمەتسىز ھەي ھەرە سۆزۈمنى ئاڭلا،
ھەسەل بەرمەسەڭمۇ، نەشتەر سانجىما!»

كۆز ئالدىمدىن ھەسەتنىڭ ھەر خىل شەكىل - نۇسخىلىرى ئۆتۈشكە باشلىدى: سايلام ھەسەتلىرى، دۆكاپات ھەسەتلىرى، ئەسەر نەشىر قىلىش ھەسەتلىرى، ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەت ھەسەتلىرى، ئۇنۋان باھالاش ھەسەتلىرى، ئەمەل-دەرىجە ئۆستۈرۈش ھەسەتلىرى، تويى تۆكۈن ھەسەتلىرى، ئۆلپەت ۋە مەشرەپ ھەسەتلىرى، يۇرتۋازلىق ھەسەتلىرى، قەددى-قامەت ھەسەتلىرى، بەختۇ-ئامەت ھەسەتلىرى.... قارىماققا،

بۇخۇنۈك ئىللەتلەرنىڭ گىرەلەشكەنلىكى خېلىلا قېيىنقارلىق دەرىجىدە بېرىپ يەتكەنىدى.

ھەيران بولىمەن. ئۇ مۇھىم خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ھاياتىنى بېيىتىش ۋە جانلاندۇرۇش، ئۇزاق داۋام قىلغان مەدەنىيەت تارىخىمىزنى ئۈزۈلدۈرمەي راۋاجلاندۇرۇش يولىنى بويلاپ ھالال ئەجىرى ئەمگىكى بىلەن نەتىجە قازانغۇچىلارنى قوللاش بىر پۈتۈن مىللەت، مىللىي مەدەنىيەتنى سۆيىدىغان ھەر قانداق ئاڭلىق كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي ئىپتىخار، ئەقەللىي ۋىجدان بولۇشى كېرەك ئىدى. ۋەھالەنكى، بۇنىڭ ئەكسىچە، خەلقىمىز، مىللىتىمىزدىن ئۆسۈپ چىققان مۇنداق نۇرانە ئۆلگىلەرنى نابۇت قىلىش يولىدىكى پىكىر ۋە پائالىيەتتە يۈرگۈچىلەرنىڭ قىلمىشى. ئەتىمىشلەردىن ئۇلارنى خەلقىمىزنىڭ ھەقىقىي پەرزەنتلىرى دېيىشكە كىمنىڭ رايى بارىدۇ؟ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مانا مۇشۇ خىل ئىنسان قېپىدىكى ئالۋاستى ۋە يالماۋۇزلار تۈپەيلى خەلقىمىز ئۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت مەلىكىلىرى ۋە مۇمكىنلىكلەردىن مەھرۇم قالغان ئەمەسمىدى؟!

بەزى ساددا پىكىرلىك كىشىلەر: «قەلەم ئەھلى ئەزەلدىن شۇنداق، بىر بىرىنىڭ پېيىدا يۈرۈشىدۇ»دەيدۇ. مەن مۇنداق قارىمايمەن.

دەرۋەقە، قەلەم ئۇ بىر كۆپ باسقۇچ، كۆپ قاتلاملىق مەلىكە دەرىجە. ئەگەر تەپەككۇر ئالەمىنىڭ بىر قەدەر يۈكسەك پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەن قەلەم ئىگىسى بولىدىكەن، ئۇ مۇنداق بولمىغۇر پىكىر توزانلىرى بىلەن ئۆز قەلبىنى خۇنۈكلەشتۈرمىگەن بولاتتى. چۈنكى، ئالەم، قەلبى يورۇق كىشىلەر ئۈچۈن يورۇق، تەپەككۇر ئەھلى ئۈچۈن تەپەككۇر پاكلىقى ۋە تەپەككۇر بايلىقىدىن قىممەتلىكرەك خەزىنە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىلىم-سەنئەت تارىخى شۇنى تەكرار ئىسپاتلىدىكى، خۇنۈك ۋە ناپاك پىكىرنىڭ ئەخلەت توزانلىرى ئۇنىڭ ئىگىلىرىنى مەنىۋى مەدەنىيەت كۆكىدە يۇقىرى ئۆرلەش، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە يۈزلىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلغان. ئۇ خۇددى ئېغىر تاشتەك ئۇنىڭ پارلاق چوققىغا چىقىشىغا ھامان توسقۇنلۇق قىلىدۇ. روشەنكى، پاكلىق ۋە ئۇلۇغۋارلىق روھىيەت پەرۋازىدىكى ھەقىقىي قاناتتىن ئىبارەت. ئۇنداق بولمايدىكەن «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە بولۇپ قالىدۇ»!

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغانلاردىن باشقا بىزدە يەنە «غايىۋانە ھەسەتخورلۇق»، «ۋەكالىتەن (ھاۋالىنە خاراكتېرلىك) ھەسەتخورلۇق»، «ئۆز كاساپىتىنىڭ ئۆچىنى چىقىرىۋېلىش خاراكتېرىدىكى ھەسەتخورلۇق» «ئۆزىدىن بىر-ئىككى زامان كېيىنكىلەرگە قارىتىلغان ھەسەتخورلۇق»، «ئۆزىدىن پېشقەدەملەرنى پۇتلىكاشاڭ سانايدىغان ھەسەتخورلۇق» قاتارلىق تېخىمۇ غەلىتە، ئاجايىپ-غارايىپ رەشك-ھەسەت تىپلىرى بار. بۇلارنى ئويلىسام «چىنىستانى ئىلىك بەگ» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن قارا ياغاچلار توقايلىقىغا مۆكۈنۈۋالغان ھەر خىل «يەك» (ئالۋاستى) ئوبرازلىرىنى قىياس قىلىمەن. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي سۈرىتىنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ سىزىپ چىقىشقا ئۇستا رەسساممۇ ئاجىزلىق قىلسا كېرەك!

بەزىدە ئاڭلايمەن: «خەلق ئارىسىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ئاجايىپ قابىلىيەتلىك كىشىلەر بار، ھازىرقىلار نېمە ئۇ!» بەزىدە ئاڭلايمەن: «كەلگۈسىدە ئاجايىپ تالانتلىقلار پەيدا بولىدۇ، ھازىرقىلار تېخىگە ئەرزىيىتى!» ... ... دەرۋەقە، خەلق ئۇلۇغ، ئۇمىد

كەلگۈسىدە، بۇ گۈزەل ئىبارە ۋە گۈزەل ھەقىقەتكە ھەر خىل ئاڭ تۈزۈلمىسىدىكى كىشىلەر ھەر خىل مۇئامىلە قىلىدۇ. قاراڭلار، ھەسەتخور كىشىلەرمۇ بۇ سۆزدىن ئۆز تەپەككۇرى بويىچە ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىشقان!

ھەسەتخورلۇقنىڭ جىمغۇر بىر شەكلىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، «سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىش شەكلىدىكى ھەسەتخورلۇق»تىن ئىبارەت. ئۇ ئۆز قېرىندىشىنى، ھاقارەتلىنىۋاتقان، چەتكە قېقىلىۋاتقان بىگۇناھ كىشىنى مەلۇم بىر ئېغىز-بۇرۇن يالىشىش لەززىتى ۋە تاپاۋەتكە دەپسەندە قىلىدىغان، خار قىلىدىغان، ساتىدىغان كىشىلەرنىڭ دەل ئۆز ئەينى ئەمەسمۇ؟

## 7

ھەسەتخورلۇق ھەققىدىكى ھەسرەتلىك ئارمىنى ۋە رېئال ئەسلەشلەردىن يەكۈن چىقىرىشقا قىزىقىپ قالدىم. چۈنكى مۇھاكىمە يەكۈنلىرى ھادىسىلەردىن قانۇنىيەتلىك ماھىيەتلەرنى ئاچىدىغان ئەقلىي بىلىش بولۇپ ئۇنىڭسىز روشەن، بىرقارار ئاڭلىق نۇقتىئىنەزەرنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس. مېنىڭ ئۆز يەكۈنلىرىمنى چىقىرىش جەريانىم بىر قاتار مۇجمەل قاراشلارغا، ئېنىقراق ئېيتقاندا ھەسەتخورلۇقنىڭ تۈرلۈك نىقابلىرىغا داۋاملىق تەھلىل يۈرگۈزۈش جەريانىم بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.

— «رەشك- ھەسەت- روھىي ئازادلىق، ئەركىن- دېموكراتىك روھ» مۇ؟

— «رەشك-ھەسەت-ئىلمىي مۇھاكىمە، ئىقتىدار رىقابىتى، نوپۇزغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش» مۇ؟

— «رەشك - ھەسەت — مىللىي قەھرىمانلىق روھىنىڭ جۇشقۇنلۇق پارتلىشى» مۇ؟

— «نېمە سەۋەبتىن كىشى ئۆلگەندىن كېيىنلا قەدرى - ئېتىبارىنى تاپىدۇ؟»

مۇشۇ سوئاللار ئۈستىدە ئويلاندىم.

مەلۇمكى، رەشك - ھەسەت — «روھىي ئازادلىق»، «ئەركىن - دېموكراتىك روھ» نىڭ دەل ئەكسىچە، مىللەت روھىيىتىدىكى، جۈملىدىن ھەسەتخور ۋۇجۇدىدىكى ئەسەبىي ئىللەت. رەشك - ھەسەت ئەپسانىۋى چۆچەك شەكلىدىكى دوزاخ بولماستىن، دەل رېئال ھەقىقىي جەھەننەم. ئۇنىڭ ئوتلىرى ئىنسانىيەت ۋەسۋەسىسى بىلەن يانغان، ئۇنىڭ ئاپەتلىك يالقۇنلىرى ئۆزىنىڭ ناقابىللىقى ۋە بەختسىزلىكى بىلەن باشقىلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە سائادەتمەنلىكىنى دۈم يېتىپ سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن دوزاختىن ئىبارەت. بۇ خىل ھەسەت يالقۇنلىرى ئۇنىڭ ئىقتىدارغا ۋە بەختكە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكلىرىنىڭ باشكوزىرى بولغان ئەقىل جەۋھىرىنى كۇل قىلىپ، ئۇنى تەپەككۇر، روھىيەت، خۇلقى- مىجەز ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قۇرۇتۇپ، خارابىلىق توپىسىغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ تىرىكلەر ئارىسىدىكى پائالىيەتلىرى ھەسرەتتە ئۆلگەن ھەسەتخور ئەرۋاھىنىڭ قىساسكار تەلۋىلىكلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ھەسەتخور باشقىلارنىڭ سۈرىتىنى تامغا ئېسىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىگە چاڭگال سېلىپ، گۆشىنى تىتىپ يېگەندەك خىيالى كۆرۈنۈشتىن ئۆز - ئۆزىنى بەزلەپ، ئەمەلدە ھەر دەقىقە ئۆز - ئۆزىگە چاڭگال سېلىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈچىدۇر. «روھىي ئازادلىق» دېگەندە، ئۇ دەل تەلۋە جۇنۇنىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئالداش ۋە ھالاك قىلىش «ئەركىن - ئازادلىقى»، خالاس!

ھەسەتخورلۇق بىلەن «ئىلمىي مۇھاكىمە»، «ئىقتىدار رىقابىتى» ۋە «نوپۇزغا قارشى ئىسيان» دېگەنلەرنىڭمۇ ناسىۋىتى ئالۋاستىلىق

ماھىيەت بىلەن ئادەمنىڭ قىياپەت-
نىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ.

ئىلمىي مۇھاكىمىدە ئىلمىي مۇنازىرە
بولىدۇ. بۇ، ھەقىقەتنى، ئىتتىپاقلىقنى،
مىللەت ۋە دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنى مەق-
سەت قىلىدىغان، ھەقىقەتكە ھۆرمەت
قىلىپ، خاتالىقنى تۈزىتىدىغان، يالغان-
ياۋىداق، پىتنە-بوھتاندىن خالىي بولغان
ئەقلىي پائالىيەت. ئىلمىي مۇنازىرىدە تې-
ماتىك مۇخالىپ بولىدۇ، پېرسونال رەقىب
بولمايدۇ!

ئىقتىدار رىقابىتى — ئۆز رىقابەتچىسىنىڭ
بىلىم ۋە قابىلىيەت قاتلاملىرىنى ئېتىراپ
قىلغان، ھۆرمەتلىگەن ھالدا، ئۆزىنىڭ ئۇ-
نىڭغا يېتىشىۋېلىشى ياكى تەڭداشلىق سەۋ-
يىدىن چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئېلىپ
بېرىلىدىغان ئاقىلانە، ھالال ۋە مەردانە
تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت. ئىقتىدار رىقابى-
تى مىللەتتە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى مىق-
دار جەھەتتە كۆپەيتىدىغان، سۈپەت جە-
ھەتتە تاكامۇللاشتۇرىدىغان، جەمئىيەت را-
ۋاجىغا مەنپەئەتلىك بەيگە! ئۇ مەنىۋى قا-
تىللىق، روھىي قاراقچىلىق ھېسابلانغان
پەسكەش ھەسەت بىلەن چىقىشالمايدۇ.

نوپۇز — ئىجتىمائىي ھادىسە. يالغان
نوپۇز بولمىسىلا، ئەكسىيەتچى نوپۇز بولمى-
سىلا، ئارقىغا سۆرەيدىغان نوپۇز بولمىسىلا،
ئۇ، جەمئىيەتنىڭ ئەقلى، ۋىجدانى، شان-
شەرىپىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئېتىبار
مۆجىزىسى ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقىي، ھالال
ۋە ئىلغار تەپەككۇر نوپۇزى مىللەتنىڭ نۇ-
رانە چىراغلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بولغانلىقى
بىلەن بولمىغانلىقىنىڭ پەرقى چوڭ. ئابدۇ-
قادىر داموللامنىڭ: سۇلتان بولمىسىمۇ دانا
پىرى-ئۇستاز بولسۇن، دېگىنى مۇشۇ پەرق-
نى چۈشەنگەنلىكىنىڭ ياڭراق ئىنداسى.
مۇنداق روھىيەت مەشئەللىرى كۆپ بولۇشى،
ئىسمى-جىسمىغا لايىق بولۇشى، ئۇ يول چې-
رىغى بولۇشى، گەندە قاچىسى بولۇپ قال-
ماسلىقى لازىم. بۇنداق يول چىراغلىرىنى
ئاقىللار ئاسرايدۇ، تەلۋىلەر ئۇنىڭغا تاش
ئېتىپ، «جاھالەت پەرلىرى»نى چاقىرىشقا
ئالدىرايدۇ.

ئەگەر زالىم، پۈچەك، ھارامى، تەرسا
بىرسى نوپۇز تىكىۋالغانىكەن، ئۇنىڭ بۇ
ئىللەتلىرى ئۇنى پەسلەشتۈرىدۇ، «سۇپىرسى
قۇرۇق»نىڭ «ئېتى ئۇلۇغ»لىقتىن قالىدۇ.
بۇنىڭغا ھېچقانداق پىتنە-ھەسەت ھا-
جەتسىز.

رەشك-ھەسەت مىللەتنىڭ نومۇسلۇق
ئىللىتى، «قەھرىمانلىق روھىنىڭ پارتلى-
شى» ئەمەس! تارىخ ئۆزىنىڭ ھەسرەتلىك
ئۆتمۈشى بىلەن ھەسەتخورلۇقنىڭ ئەڭ
ئۆتكۈر، ئەڭ باھالىق، ئەڭ قىزغىن، ئەڭ
مودىلىق دەۋر تېمىلىرى، پىكىر ئېقىملىرى-
نى نىقاب قىلىپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرسەت-
تى. خەلق چۆچەكلىرىدە ئۆكۈز، يىلان،
قارا مۈشۈك، قېرى تېكە، يالماۋۇز كەمپىر
قىياپىتى بىلەن سورۇنغا كىرگەن ئالۋاس-
تىلارغا قارىغاندا، پەرىزات سىياقىغا كىر-
ۋالغان ئالۋاستىلارنىڭ كۆپرەك، تېزرەك،
ئۇزۇن مۇددەترەك، ئاۋاتراق بازارغا، خې-
رىدارلىققا ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسەت-
تى. سوتسىيالىزم دۈشمەنلىرى سوتسىيالىزم
غەلىبە قىلغانسېرى سوتسىيالىزم
قىياپىتىگە كىرىۋېلىشىدۇ. مىللەت تارىخى-
غا داغ تەگكۈزگەن پۇرسەتپەرەسلەر، مىل-
لەت يېڭى ئويغىنىشقا يۈزلەنگەنسېرى مىل-
لەتنىڭ مىسلىسىز ئەمگەكدارلىرى ھەتتا بۇ
خىل پىكىر مەيدانىنىڭ شەرتسىز «شەيخۇل

رەئىيسى؟ بولۇۋېلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇلار پو-كۇلداپ تۇرغان خاۋاتىرلىك روھىيىتىنى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن پاك، ھالال ئەقىل چىراغلىرىنى بىر - بىرلەپ چېقىۋېتىش كويىدا سەھنە ئارقىسىدا ھەرىكەتلىنىدۇ. مانا بۇ، تارىخنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەقىقىتى: بىر قاتار ھەسەت - پىتنە كومپىنىيىلىرى ئۇلارنىڭ بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقىدىن بېرىلگەن بىلىش ئۇچۇرى! ئېچىنىشلىقى شۇكى، بىرمۇنچە تەييارلىقى ئاجىز كىشىلەر، بىر مۇنچە ھادىسىلەرگە قايمۇققۇچى تېيىز پىكىر ئىگىلىرى ئۇلار تەرىپىدىن مەزھەب مۇخلىسى قىلىۋېلىنغان بولىدۇ.

## 8

«ئۆلگەندىن كېيىن قەدرى - ئېتىبارىنى تېپىش» دېگەن نېمىنى ئۇقتۇرىدۇ؟

دەر ھەقىقەت، بىر مۇنچە كىشىلەر ئۆزى باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغاندىن كېيىن، ھەتتا بىرەر دەۋر ئۆتۈپ «قەھرىمان» بولىدۇ، ئۆز قەدرى - قىممىتىگە ئېرىشىپ، تىللاردا داستان قىلىنىدۇ، ئەسەرلىرى تولۇقلىنىپ بېسىلىپ، ئۇ ھەقتە ئەسلىمىلەر، رومانلار يېزىلىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

سىياسىي سەۋەبلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ، ئەرۋاھنىڭ تەپەككۇرلۇق مەۋجۇدىيىتىدىن مۇقەددەسلىكىدىنمۇ؟ بۇ ئەرۋاھ لەھەت دەرگاھىدا ھېچقانداق يېڭى ئۇلۇغلۇق مۆجىزىسى يارىتىش ئىمكانىيىتىدىن مەڭگۈ مەھرۇمغۇ؟

گەپنىڭ قىسقىسى، بۇ، ھەسەتخورلۇقنىڭ تولىمۇ قويۇقلۇقى، كۈچ - بېسىمىدىن بولغان. بۇ قويۇقلۇقنى چاك - تولۇتەككە، تەكلىماكاندىكى بوران تۇزانلىرىغا، بۇ كۈچ- بېسىمىنى ئاتموسفېرا بېسىمى، دېڭىز-ئوكيانلاردىكى سۇ بېسىمىغا ئوخشىتىشمۇ مۇمكىن. ئۆلۈم ئۆلگۈچىنىڭ بۇ جەھەتتىكى توسقۇنلۇقلىرىنى تەدرىجىي كېمەيتىدۇ.

زامانلار ئۆتۈپ زاماندىشى ھەسەتخور نوقۇلچىلارمۇ تارىخ سەھنىسىدىن ئىزسىز يوقىلىدۇ. يېڭى بوغۇن ھەسەتچىلەر ئەرۋاھلار بىلەن «ئۇماچ» تالىشىپ ئولتۇرمايدۇ......

مۇشۇلارنى ئويلاپ، ئۆلگەندىن كېيىن ئەسلى ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئۆتمۈشدارغا ئىچىم ئاغرىدى. ئۇلار ھەسەتخورلارنىڭ ھەسەت چەمبىرىكىگە مەھبۇس بولغان قۇربانلار! ئالىملار، ئىختىراچىلار، ئەدىبلەرنى يېرىمى كېسەل ئازابى، تولاراقى ھەسەتخورلۇق ئوقۇبەتلىرى خەلقىمىزنىڭ مەرىپەت بېغىدىن ۋاقىتسىز يۇلۇپ كەتكەنلىكەن - دە! كېيىنكى بۇ شۇم كېسەلگە قارشى بىرەر تىبابىي يەن، بىرەر تىبابىي ھەكىم، بىرەر شىپاخانا بارمىدۇ؟

مانا، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «پۈتۈن ئىران تارىخىنى قۇتقۇزۇۋالغان»، «يىپەك يولىدىكى ئەڭ زور ئەدەبىي ئەسەر» ھېسابلانغان 120 مىڭ مىسرالىق «شاھنامە» داستانىنى يېزىپ بولۇپ، بۇنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن كەتكەن 35 يىل جەريانىدا ئۇچرىغان ھەسەت زەخمەتلىرى ئۈستىدە قىلغان شىكايىتى:

«ئۇلار روشەندىلىمنى خەستە قىلىشتى،
ھەسەتنىڭ تىغىدا باغرىم تىلىشتى.»

«ئاتمىش بەش ياشتىن ھەم ئاشقاندا ئۆمرۈم،
دەرد، رەنجىدىن مۈكچەيگەن ھالىمنى كۆردۈم.»

«ئەمدى مەن ئۆلمەسمەن، مەڭگۈ ياشارمەن،
ھەر ئېيتقان پىكرىمدە قايتا ياشنارمەن.»

دەرھەقىقەت، فىردەۋسىگە ھەسەت تىغى ۋە تەنە - تاپا ئىغۋاسى بىلەن يوپۇرۇلغان زامانە ئاكابىرلىرىنىڭ نام - دېرىكى قالمىدى! مانا بۇ تارىخنىڭ نۇرانىلىقىنى تاللاش قانۇنىيىتى!!

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە قەلەم ئەھلىنىڭ شان - شەرىپى، مەردلىك ۋە ئەركەكلىكى ھەسەتخورلۇقتىن مۇتلەق خالىي بولۇشتا، دېگەن پىكىرگە كەلدىم. بۇنىڭدىكى

«مۇتلەق» دېگەن ئىبارىنى مەن ھايۋى ئۈممىدىم بويىچە زورمۇزور ئىشلەتتىم. بۇنىڭدا ئىككى نەرسىنى نەزەردە تۇتتۇم. ئۇنىڭ بىرى، ھەر قانداق ئەھۋالدىمۇ بىر ساھە، بىر كەسىپتىكى ئىلىم - مەدەنىيەت ئەھلى بىرسى يەنە بىرسى ئۈستىدە ھەر قانداق‌سورۇندا ھەسەت تۈپەيلى پىتنە-ئىغۋا قىلىش سالاھىيىتىگە مۇتلەق ئىگە ئەمەسلىكىنى ئۆز - ئۆزىدىن جەزملەشتۈرۈۋېلىشى لازىم. يەۋقۇلئاددە جىددىي (قانۇنىي) بولمىغان ئەھۋالدا ئۆز كەسىپدىشى ئۈستىدە ۋايساش ۋايسىغۇچىنىڭ نادان، شۆھرەتسىز خۇنۇك قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، خالاس! بۇ مەسىلىدە جان چىقىش ئالدىدا ئىمان ئېيتىشقا ئالدىرىغاندەك ئۆز - ئۆزىنى پاكلاشقا ھېچقانداق تەمەننا، ھاكاۋۇرلۇقسىز ئەستايىدىل ئالدىراش لازىم! مانا بۇ ئاقلانە ۋىجداننىڭ دەۋىتى!

ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ھەسەتخورلۇق ئىللىتى ئېغىر كىشىلەر، بۇ جەھەتتە روشەن سۆز - ھەرىكىتى ۋە پائالىيەت ئادىتى بار مۇئەللىپلەر يەنە بەھوزۇر ھالەتتە ھېچ نېمىنى ئۇقمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ھەسەتخورلۇقنى سۆكىدىغان شېئىر ۋە غەزەل ـ ھېكايىلەر بىلەن كىشىلەرنى ئالداپ، ئۆز روھىنى بەزلەشكە كۆچەپ ئۇرۇنمىغىنى ياخشىراق. بولمىسا، بۇ خۇددى «ئوغرىنىڭ ساقچى فورمىسىدا كېيىنگەنلىكى» گە ئوخشاپ قالىدۇ. ھەسەتخورلۇقنى ئەمەلىيەتتە سۆكۈش، ئەمەلىيەتتە ئېرىغداش، پەزىلەت مەسىلىسىنى پەزىلەت بىلەن ھەل قىلىش لازىم. جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا قارا لىباس، نىجادىيەت كۆنىدۈزدە ئاق يەكتەك كىيىۋالىدىغان كىشىلەرگە تارىخنىڭ قويىنى كەڭ بولۇش بىلەن بىللە مەسخىرە، شەمشەرىمۇ يېتەرلىك ئۆتكۈر!

ئەينەككە قاراش ئىككى خىل بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، يۈيۈپ - تارانغاندىن كېيىن، تاشقى قىياپەتنى كۆزىتىش ئۈچۈن قاراش. يەنە بىرى، ئەينەككە تىكىلىپ قاراپ، ئۆز كۆزىگە سىنچىلاپ قاراپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى قىياپىتىنى ئۆزى كۆرۈش ئۈچۈن قاراش. ئاز بولمىغان كىشىلەر تاشقى قىياپىتىنى ئوبدان بىلىسىمۇ، ئۆزىنىڭ كۆزىنىڭ زادى قانداقلىقىنى راسا دېگەندەك بىلمەيدۇ. ئۆز كۆزىگە «ئەۋرەتتىكىسى كۆڭۈلگە تايىن» دېگەن سەممىيلىك بىلەن قاراش ئاسان ئەمەس. ۋەھالەنكى، مۇنداق ئەينەككە قاراشقا جۈرئەت قىلىش ۋە مۇنداق ئەينەككە قاراشتىن تەربىيەت ئېلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ بولۇش - بولماسلىقىدا پەرق تولىمۇ كاتتا! ھەسەتخورلۇقتا تەلۋە - تەرسا دەرىجىگە يەتكەن بىمارلارنىڭ ئىككىنچى خىل ئەينەككە قارىشى تولىمۇ مۇشكۈل.

باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ساغلام ئېستېتىك زوقلىنىش پسىخىكىسىغا زىت ھالدا ئىللەت خاراكتېرىدىكى ھەسەتخورلۇق روھىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان كىشىلەرنىڭ مۇنداق پاكلىنىش جەريانىنى ئۆتكۈزۈشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. زوقلىنىش— ئۇلۇغۋار ئىنسانىي روھىيەت، ساغلام ھېسسىياتچان ھېسداشلىق قۇۋۋانچى! مۇشۇنداق مەنىۋى ئەمەلگە ۋە روھىي سائادەتتىن مەھرۇم بولۇش نېمىدېگەن شورى قۇرۇغانلىق-ھە!

تىكەندىن قورققان ئەتىرگۈل بولماس، ئىتتىن قورققان جاھانكەزدى! ھەسەتكە يولۇقۇش نومۇس ئەمەس! ئۇ، غەربىي ياۋروپا خىرىستىئان مۇئەللىپلىرى ئېيتقاندەك: تەڭرىنىڭ غايە ۋە ئىجتىھات چېنىقتۇرىددىغان، ھەسەتسىز پاك قەلب يېتىشتۈرىدىغان ئالاھىدە بىر خەيرىخاھلىقى! سەئىدى شىرازى توغرا ئېيتىدۇ:

«پارە قىلسا ئەسكى تاش زەر قەدرىنى،
زەر تۆۋەنلەپ، ئۆرلىمەس تاش قىممىتى.»

مەسىلە ناھايىتى روشەن. مىللەتنىڭ روناق تېپىشى، ھەتتا رىقابەتچان دۇنيادا ساقلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئىلىم- پەن بىلەن

نادانلىقىنى ئازدىلاش، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق، ھەمجەھەتلىك بىلەن ھەسەتخورلۇقنى ئازدىلاشتىن باشقا يول يوق! بۇ نۇقتىدا ھەسەتخورلۇق مىللەتنىڭ تەقدىرىگە ئالاقىدار چوڭ مەسىلە.

ئائىلە، مەكتەپ، دوستلار تۈركۈمى (مەشرەپ) ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتتە بۇ جەھەتتە تەربىيە ئېلىپ بېرىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ جەھەتتە كۆپرەك سۆزلىنىشى، يېزىلىشى، ئوينىلىشى لازىم. نەشرىيات ئورۇنلىرى ئاڭلىق ئېتىبارىنى قەدىمكى ۋە ھازىرقى مىللىي ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى يەردە قالدۇرماي ئاۋۋال نەشر قىلىشقا قارىتىشى، مىللىي يېڭى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەخىرسىز تولۇقلاشقا قارىتىشى، چەتئەلنىڭ نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلىدىغان نەشرىياتچىلىق مەلۇم قىسمەنلىك سالمىقىدىن ئارتىپ كەتمەسلىكى لازىم. بۇ جەھەتتە «چەتكە ھەسەت يوق، مەرھەمەت»، «ئۆز ئىچىگە يول توساپ تۇرغاي ھەسەت ياكى قارىغۇ ئۇۋاچەم، گاچا ئۆلچەم پۇل پەقەت» بولۇپ قالماسلىقى لازىم! نەشرىيات خادىملىرى — ئاڭلىق ۋە ئومۇمىيلىق قارىشىدىكى نەشرىيات خادىملىرى ئۈچۈن ئۆز خەلقى ياراتقان ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرنى، ئۇنىڭدا ئېلان قىلىش قىممىتى (ھەتتا كېيىنكى كاتېگورىيىلىك قىممىتى) بولسىلا ئېلان قىلىشتىنمۇ شەرەپلىك تارىخىي ئىش يوق! قەدىمكى كىشىلەر ئەگەر ئالىم، ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى تولۇق، يەردە قويماي بىزگە يەتكۈزمىگەن بولسا، بىز ھېلىمغىچە ئىزوپ مەسەللىرى، ئەرەب چەكنامىلىرى، ھىندىستان چۆچەكلىرى ۋە ياۋروپا لىرىكىلىرىدىن باشقا ئۆزى ھەققىدە خەۋەرسىز مىللەت بولۇپ قالماسىدۇق؟! بۇ جەھەتتىكى ھەسەت ۋە ھەسەت گۇرۇھۋازلىقى مىللەتنى نابۇت قىلىدۇ!

كۆزلەپ ئىلمىي ئەسەر نەشر قىلالمىغان نەشرىيات يوپۇرماق چىقىرىپ مېۋە بەرمىگەن دەرەخكە ئوخشايدۇ. جەمئىيەتلىكى شۇكى، ئاپتورلۇق ھوقۇقى ئۈستىدىكى قىرغىنچىلىق تارىخىمىزنىڭ بەزى پەسىللىرىدىكى ئاق تېررورلۇقتىنمۇ يامان. ئانىلىرىمىز ئاق تېررورلۇقتا قامالغان، قەتلى قىلىنغان مىقداردىكى بالىلارنى قايتا تۇغۇپ نوپۇسىمىزنى تولۇقلاشقا قادىر بولسىمۇ، قىرقىلغان مەدەنىيەت گۈلزارىمىزنى، ئۇنىڭ كىتاب كاماللىقىغا يەتكەن مېۋىلىرىنى تولۇقلاشقا قادىر ئەمەس. ئىككى بۆلەك ئەسەر — «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «دىۋان لۇغەت تۈرك» قايتا - قايتا نەشر قىلىنمىغان (كۆچۈرۈلمىگەن) بولسا، ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىمىز چىراغسىز كېچە بولۇپ قالماسمىدى. ۋەھالەنكى، قاسساپلىق قۇشخانىغا مەركەزلەشكەندەك، مەدەنىيەت ھەسەتچىلىكىمۇ نەشر - ئەپكار گۈلزارىدىن ئورۇن تۇتۇپ قالماسلىقى كېرەك. بۇ يۈكسەك گۈلزارنىڭ بۇلغىنىشى ئۆلمەس شامىنىڭ ئۆھرانىدىن دېرەك بېرىدۇ:

مەن ماقالەمنى كىشىلەر دىققەت قىلمىغان بىر شېئىرىم بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن. بۇ شېئىر مىللەت توغرىسىدىكى ئەندىشىلىك تەسەۋۋۇردىن تۇغۇلغانىدى:

بىر كونا گۈمبەزدە قاقىلدار قاغا،
ئېلىنى يوقاتقان شائىرغا قىياس.
ئەرۋاھتەك يېقىمسىز ئۈندىكى سادا،
ئۈستىدە ئۆمۈرلۈك ھازىدار لىباس.

ئانا ئەل ئامانسەن، ئىلكىڭدە غۇرۇر،
ھازىدار كۈنلەردىن ساقلىسۇن خۇدا.
نىزالار كۆزۈڭدىن گەر ئۆچۈرسە نۇر،
شائىرلىق بۇ نەسەب قاغىدۇر گويا.

ۋەيرانە ئۈستىدە قاغا مۇڭلىنار،
سەبىيلەر ئاتىسىمۇ ئاڭا تىنىماي تاش.
ھېكمەت شۇ: ياشاشنى خالىساڭ ئەگەر،
ئىناقلىق ئىچىدىن ئىزدىگىن قۇياش!

1989- يىل، 10- ئاۋغۇست

# كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇرىدە نىيەتسىزلىكنىڭ تارىخىي ئىزلىرى



نىزامىددىن ھۈسەيىن

## 5. نىقابلىق «پىر»لار

مىلادى 16- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن بىزنىڭ بىر قىسىم جاي-ماكانلىرىمىزدا بەزىبىر ئەجنەبىي خوجا-ئىشان «ۋەلىي-ئەۋلىيا»لىرىنىڭ سەۋەبكارلىقى بىلەن ئىسلامنىڭ سوپىلىق تەرىقىتى، بولۇپمۇ مەخدۇم ئەززەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ سوپىلىق «تەرىقەت»-لىرى پەيدا قىلىنغان ۋە كېڭەيتىلگەندىن بۇيان، بىزنىڭ بىر قىسىم مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا جەمئىيەت خاراكتېرلىك تۈس ئالغان ئەڭ يامان- سەلبىي «دىنىي» ئاقىۋەت— «دىنىي» تەرىقەت بۆھرانى (بىزدە «دىنىي» تەرىقەت خىللىرىنىڭ كۆپىيىپ تۇرۇشى بىلەن پەيدا بولغان ئېتىقاد كىرىزىسى —ئا)نىڭ شەكىللەنگەنلىكى، خوجا-ئىشان «سۇلۇك» گۇرۇھلىرى تەپرىقىچىلىقىنىڭ ئومۇمەن جەمئىيەتلىشىپ تۇرغانلىقىدىن ئىبارەت «دىنىي» ۋەزىيەتتىن ئىبارەت بولغانىدى. «قۇرئان كەرىم» ئەقىدىۋىلىكىدىكى ئىسلامغا يات بولغان غەيرىي ئىسلام ئەقىدىلىرى (ئاساسەن تەركىدۇنيالىقنى، مازارپەرەسلىكنى، خوجا-ئىشان «پىر»-لارغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇشنى...)نى ئۆزلىرىنىڭ تۈپ «دىن» يولى قىلغان، ھەر خىل«تەرىقەت» —«سۇلۇك»گۇرۇھلىرىغا بۆلۈنۈپ، بىرىگە بىرى زىت «تەرىقەت»لەر تۈزۈشكەن، نەپسانىيەتچى خوجا-ئىشان «ئەۋلىيا»لىرى تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن بۇ خىل يامان بۆھران جەمئىيەتتە ئومۇمەن ئىچكى نىزاھلارغا مەنبە بولىدىغان ئىخلاس چۇۋالچاقلىقى، ئىخلاس مۇقىمسىزلىقى، ئىخلاس مەركەزسىزلىكى، ئىخلاس خۇنۇكلۇكى، ئىخلاس شەكچىلىكى ھەم قەبىھ ئىخلاس جېدەللىرى... (موللا تولا قوي ھارام) ئالامەتلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىپ باراتتى. خوجا-ئىشان سۇلۇك گۇرۇھلىرى («ئەۋلىيا» گۇرۇھلىرى) تەپرىقىچىلىقىنىڭ ئەمەلىي ئالامەتلىرى بولسا— خوجا-ئىشانلار گۇرۇھلىرى پەيدا قىلغان ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى ئاتالمىش«سۇلۇك» مەركەزلىرى (ئەمەلىيەتتىكى ئىخلاس مەركەزلىرى) يېتەكچىلىكىدىكى تۈرلۈك ئىخلاس نىزاھلىرى («دىنىي» ئېتىقاد جەھەتتىكى بۆلۈنۈشلەر، پارچىلىنىشلار، سۈركىلىشلەر، ئادەتلەشكەن ۋە «قائىدە»-لەشكەن زىتلىشىشلەر، يەكلەش، چەكلەش خاراكتېرىدە بولغان تۈرلۈك «مەنئى» قىلىشلار، جېدەل- ماجرا، ھەتتا «پىرلار ئۈچۈن غازات»-لار...) بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرۇشىدۇ. شۇ زامان ئۇقۇمىدىن ئالغاندا يۇقىرىدىكى قارام «دىنىي» ۋەزىيەتنى شۇ جەمئىيەتنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي،




* بېشى ئۆتكەن سانلاردا

سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيە، مىللىي قۇرۇلما... ئاساسىنى ئۆزىگە تولۇق بېقىندى قىلغان «دىنىي» تەرىقەتچى زوراۋان-ئىستىبداتلار كونتروللۇقىدىكى ئوسال ھالەت، خەلق ۋە مىللەتنىڭ ئومۇمىي تەقدىرىگە تېڭىلغان ئىچكى ئاپەت، ئۇزاق زىتلىق روھىي ئىللەت، تارىخىمىزدا شەكىللەنگەن شۇم پەلەك دېيىشكە بولاتتى.

تارىخىمىزدا يۈز بېرىپ ئۆتكەن بۇ خىل زەبۇن ۋەزىيەت بىلەن يامان خاراكتېرلىك ئىللەتلەرنىڭ تولۇپ نېگىز-مەنبەسىنى، داۋاملىشىش جەريانلىرى ھەم كەلتۈرگەن نەتىجە-ئاقىۋەتلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئەسلىمە قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

### تارىخىمىزدىكى «دىنىي تەرىقەت»لەر بۆھرانچىلىقى توغرىسىدا

بىزنىڭ بىر قىسىم جاي-ماكانلىرىمىزغا تارقالغان دىنىي، ئىجتىمائىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مەۋھۇم دىنىي ئۇقۇم شەكلى بىلەن پەيدا بولغان تەرىقەت ئېقىمى — مىلادى 17- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە بىزدە ھەر خىل «تەرىقەت—داھىي» — «ئەۋلىيا»لىقى نامىلىرىدا ئاپىرىدە بولۇشقان بىر قىسىم تەرىقەتچى خوجا-ئىشان چوڭلىرى («ۋەلىي-ئەۋلىيا»لار) تەرىپىدىن نۇرغۇن تەرىقەت خەلىپىلىرى (تەرىقەت سولۇكلىرى)غا بۆلۈۋېتىلگەن، شاخلاندۇرۇپ كېڭەيتىلگەندى. بۇ ھالەت «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت»تە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «... موغۇلىستان (ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، قۇمۇل، تۇرپان قەۋملىرى ئوتتۇز ئىقلىمغا، يىگىرمە تۆت تەرىقەتكە (30 يۇرت بويىچە 24 سولۇك ئۇرۇھى — بىر قىسمىگە — ئا)، توقسەن توققۇز ۋەلىگە — ئەۋلىيا»غا ئىخلاسمەن ۋە تابىئەلىك ئېردىلەر... قۇمۇل، تۇرپان، لۈكچۈن، گۇچۇڭزىلەر... (ھازىرقى سانجى ئوبلاستى ھەم كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك — ئا) خوجا تارخان نەسەبلىرىگە خاس يەتتە پىرى ئەزىزانغا بەيئەت، تابىئەلىك ئېردىلەر...»

يېتەرلىك تارىخىي ئاساسلار بىلەن ھەقلىق ھالدا شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىلادى 17- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۆزئارا رەقىبلەشكەن ئىنتايىن نەپسانىيەتچى خوجا-ئىشان چوڭلىرىدىن توقسەن توققۇزى بىزنىڭ قەشقەرىيىلىك ئەجدادلىرىمىزنى ئوتتۇز يۇرت تەۋەلىكى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئاتالمىش يىگىرمە تۆت «تەرىقىتى»گە يەنى بىر-بىرىگە زىت يىگىرمە تۆت «دىنىي سولۇك»لىرىگە پارچىلاپ- بۆلۈپ، «ئىمانى كامىل» لىققا يېتەكلەپ تۇرۇشقان. بۇ يەردە تەكىتلەنگەن «ئوتتۇز ئىقلىم»غا ئەينى زامانلاردا قەشقەرىيە، قۇمۇل، تۇرپان تەۋەلىرىدە خوجا - ئىشان «پىر»لار «تەۋەلىك» سولۇك مەركەزلىرى بولۇپ تاللاپ- تىزگىنلەپ ئۆتكەن تۆۋەندىكى ئادرېسلارنى يەنى چىمەن-سالغۇزەك (نىيە تەۋەلىرى — ئا)، كېرىيە - دامىكۇ، ئىلىچى - لوپ، زاۋا - قاراقاش، گۇما - قاغىلىق، قۇلاغان - بەشكەنت، يەكەن - مەكىت، قىزىل - يېڭىسار، قەشقەر - ھەزرەت، سۇنتاغ - پەيزاۋات، مارالبېشى - چارباغ، ئۈچتۇرپان - ئاقيار، چارلۇك- ئويتاغ، ئاقسۇ - ئاۋات، باي - سايرام، كۇچا - لەنگەر، توقسۇ - نۇرباغ، بۈگۈر - يېڭىسار، كورلا - قاراشەھەر، چەرچەن - قوش ساتما، ۋەششەرى - چارقىلىق، قاراقۇز - ئاقبەل، ئاق سۇپا - تېرىم، تۇرپان - ئاستانە، توقسۇن- بوستان، تويۇق- لۈكچۈن (پىچان تەۋەلىرى)، قۇمۇل - تاشۋىلىق، قويسۇ - بالىكۆل (بارىكۆل)، باي - نوم (ئارا تۈرۈك)، جىمسار - كارىز (دۆچۈك) لارنى كۆزدە تۇتقاندۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يىگىرمە تۆت «تەرىقەت» بولسا:

«ئەۋسىيە»، «كوبرەۋىيە»، «ئىسھاقىيە»، «ئىشقىيە»، «نىئمەتىيە»، «زەبۇدىيە»، «داۋانىيە»، «خۇپىيە»، «چىشتىيە»، «جەھرىيە»، «ئىناقىيە»، «سوھرى ۋەردىيە»، «ئىمامى رەببانىيە»، «نەقشىۋەندىيە»، «قادىرىيە»، «قەدىمىيە» ... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنى «تەكرى بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ۋاسىتە»، «ئاللاھنىڭ خوجىسى»، «تەقدىرى ئالەمەت مۇئەككىلى» ... ئاتىشىدىغان بەزىبىر نەپسانىيەتچى خوجا-ئىشان «ۋەلىي»-«ئەۋلىيا»-لىرى تەرىپىدىن «ئىجاد» قىلىنغان، ئۇقۇملىرى بىر-بىرىگە زىت لەۋزى «تەرىقەت» لەرنىڭ ناملىرىدۇر.

بۇ يەردە ھەقلىق ھالدا شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش ھەق ۋە زۆرۈركى، ئەينى زامان تارىخىمىزدا پەيدا بولۇپ باش كۆتۈرگەن خوجا - ئىشان «پىر» - «ئەۋلىيا» لار ئۆزلىرىنىڭ نەپسانىيەت ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن يۇرتىمىز ۋە خەلقىمىزنى ھەر بىرى بىردىن «سۇلۇك تەۋەلىكى»، ھەر بىرى بىردىن «مۇرىت»، «مۇخلىس قەۋمى»، ھەر بىرى بىردىن «پىدائىي»-لەر سەپى قىلىپ بۆلۈپ پارچىلاپ ئېلىشقان. يەنى تارىخچى ئۇستاز موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» سىدە تەكىتلىگەندەك: «... سۇلۇكلىرىنى ناھايىتى مەخپىي سىر قىلىپ ساقلايدىغان، بىر - بىرىنىڭ تەۋەرۈك چاي ۋە نەزىرلىرىگە بارمايدىغان، بىر- بىرىنى چاللىمايدىغان، ئەگەر ئارىلىشىپ قالسا چىقىرىۋېتىدىغان...» («تارىخى ھەمىدى» 244 - بەتتىن) «قەتئىي مۇرىت» لاردىن قىلىپ ئەگەشتۈرۈپ، يېتەكلەپ تۇرۇشقان. تارىخىمىزدا، جۈملىدىن دىن تارىخىمىزدا ھازىرغىچىلىك تەرىپ-تەسۋىرى يادلىنىپ تۇرۇۋاتقان «تۇيۇق خوجام مۇخلىسلىرى»، «قۇمۇل خوجام مۇخلىسلىرى»، «ئاستانە خوجام مۇخلىسلىرى»، «چىلتەن خوجام مۇخلىسلىرى»، «جەمجۇم خوجام مۇخلىسلىرى»، «زاۋا خوجام مۇخلىسلىرى»، «قۇمباش خوجام مۇخلىسلىرى»، «كۇچا خوجام مۇخلىسلىرى»، «دولان خوجام مۇخلىسلىرى» ... ئەنە شۇ خىل «سۇلۇك تەۋەلىكى»-«مۇرىت-مۇخلىس قەۋم» «پىدائىي» لار بۆلۈنمىلىرىنىڭ نام-ئىزلىرىدۇر، ئەلۋەتتە.

خوجا - ئىشان «پىر»- «ئەۋلىيا» لىرى يېتەكچىلىكلىرىدە «بەندە» چىلىك قىلىشىدىغان بۇ خىل «سۇلۇك تەۋەلىكى» لىرىنىڭ «قەۋم»- «مۇخلىس» پىدائىيلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىقى (ئىجتىمائىي تۇرمۇشلىرى، ئۆرۈنۇشلىرى، دىنىي ئىبادەت يوللىرى، ئىدىيەۋى، سىياسىي، تەشكىلىي ھەرىكەت... مەۋقەلىرى-ئا) مۇناسىۋەتلىك «پىر - ئۇلۇغ» لارنىڭ ئىرادە، مەۋقەلىرى بويىچە بىر - بىرىدىن مۇستەسنا ۋە ھەتتاكى بىر- بىرىگە تولىمۇ زىت، تەپرىقە ئېقىمى ئىزى بىلەن جارى بولۇپ تۇراتتى. مەسىلەن، يەكەننى مەركەز قىلغان «ئىسھاقىيە سۇلۇكى» نىڭ «مۇرىت-مۇخلىس» لىرى «پىر» لىرىنىڭ يېتەكچىلىكلىرىدە «خۇدايى ئىبادەت» نى كۈندۈزلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، ھالقە قىلىپ ئولتۇرۇپ، قۇرئان ئوقۇپ، خەتمە قىلىپ، ساماغا چۈشۈپ يىغا - زارى قىلىشىپ، ئۆتكەن «ئەۋلىيا» - «پىر» لىرى ھەققىدە دۇئا - تەكبىر قىلىشىپ... ئادا قىلىشىپ كېلىشسە، «چىشتىيە سۇلۇكى» نىڭ «مۇرىت - مۇخلىس» لىرى «خۇدايى ئىبادەت» نى خانىقا ياكى ئۆيلەرگە توپلىشىپ داپ، تەمبۇر، سۇناي، ساپايە، راۋاب، ساتار قاتارلىق سازلارنى ھۆكمەت بىلەن تەڭكەش قىلغان ھالدا قانغۇدەك چېلىشىپ ۋە ئاڭلىشىپ، يىغا - زارى كۆتۈرۈشۈپ،

ئاخىرەتنى دۇئا-تەكبىر بىلەن ئادا قىلىشىپ، بۇنى «خۇداغا ھەقىقىي ئىبادەت» قىلغانلىق دەپ بىلىشكەن. «ئىشقىيە سۇلۇكى» نىڭ «پىر» - «ئەۋلىيا» لىرى بولسا خۇددى ئاپپاق خوجا تەكىتلىگەن: «ھەر قانداق ئادەم نەغمە - ناۋا، ئويۇن - كۈلكە بىلەن بولسا ئۇ ئادەملەرنىڭ دىلىدا خۇدانىڭ ئىشقى توختايدۇ، ئۆمرۈگىنى ئاچ، ئاجىزلىق دەرياسىدا غەرق قىلىۋەتمىسەك خۇداغا يېتىشمەن دېگىنىڭ بىكار، ھەر قانداق كىشى ئۆيىدىن، بالا - چاقىسىدىن، دۇنيانىڭ راھىتىدىن دىلىنى ئۈزۈپ، يىغلاپ يۈرەكنى كاۋاب قىلىپ ئۆتسە، ئاخىرەتتە راھەت - پاراغەتتە بولىدۇ... دۇنيادىن، بارلىق مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىپ ئۆي تۇتمايدىغان، تىرىكچىلىك قىلمايدىغان، تاپقاندا تازا يەيدىغان، بولمىسا ئاچ يۈرۈيدىغان ئىتتىكى ئۇلۇغ خىسلەتكە مۇيەسسەر بولغان ...» («تەزكىرە ھىدايەت» مەزكۇر ژۇرنال 1989 - يىل 2 -، 3 - قوشما سان 118 - بەتتىن — ئا) دېگەن «دىنىي تەلىم» نى مەڭگۈلۈك «ئىبادەت» يولى قىلىپ جارى قىلدۇرۇشقان. مەڭگۈلۈك نادامەت ۋە ئەپسۇسلىنىش تۇيغۇمىز بىلەن بۇ يەردە شۇنى تەكرار تەكىتلەيمىزكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇسۇلمانچىلىق تارىخىدا شەك-شۈبھىسىز بۈيۈك مەزمۇن خاسلىقى، مەزمۇن پۈتۈنلۈكى، تۇراقلىق ئەقىدىۋى قۇدرىتى، قىممىتى، ئەھمىيىتى، مۇكەممەل قائىدە، يول، پرىنسىپلىرى بىلەن ئوقۇلۇپ، تەۋرۈكلىنىپ كەلگەن ئىسلام دىنى يەنى ئاللاغا ئېتىقاد قىلىش، پەرىشتىلەرگە ئېتىقاد قىلىش، قۇرئانغا ئېتىقاد قىلىش، ئاللانىڭ ئەلچىسىگە — ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېتىقاد قىلىش، ناماز ئوقۇش، روزى تۇتۇش، ئۆمرى بويى پاكدىل بولۇپ جەمئىيەتكە ۋە كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، پۈتۈن ئەھلى ئۇممەتلەر ئۈچۈن ياخشى تىلەك، ياخشى نىيەت ۋە ياخشى خىزمەتلەردە بولۇشتىن ئىبارەت ئەڭ پاك مەزمۇنلار بىلەن ئوقۇلۇۋاتقان ئىسلام دىنى (ئىمام ئەززەم ئەبۇ ھەنىفە «شەرىئەت» چەھار مەزھىبىنى تۇتقان قىلغان ئىسلام دىنى ئەلۋەتتە —ئا) ھوقۇق، مەرتىۋە، بايلىقنى يوشۇرۇن مەقسەت قىلغان «تەرىقەت» نىقابلىق چوڭ خوجا - ئىشان «دىنىي داھىي» لىرىنىڭ خالىغانچە بۇرمىلاپ پايدىلىنىشلىرىغا، ئىگىلىشىگە، زىيانكەشلىكىگە، بۇزۇپ ياكى ئۆزگەرتىپ پايدىلىنىپ تۇرۇشلىرىغا دۇچ كەلگەنىدى. دېمەك، «سۇلۇك ئەۋلىيا» لىرىچە بولغاندا، ھەممىلا مۇسۇلمان مۇسۇلمانچىلىقنى چوقۇم «سۇلۇك ئەۋلىيا» لىرىنىڭ يېتەكلىشى بىلەنلا ئادا قىلىشلىرى شەرت ئىدى. بۇ خىل ئورۇنۇشنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىپادىلىرى: 1) دىنىي ئىدىيە جەھەتتە: «سۇلۇك ئەۋلىيا» لىرىنىڭ (چوڭ خوجا - ئىشان شەخسلىرىنىڭ ئەلۋەتتە) غايىۋى «تەلىم»، ئىرادىلىرىنى قەتئىي قوبۇل قىلىش؛ 2) دىنىي تەشكىلىي جەھەتتە: خوجا - ئىشانلار سەۋەپ، گۇرۇھلىرىنىڭ ھەر خىل ناملاردىكى پەلەمپەي شەكىللىك «سۇلۇك»، «مەزھەب» گۇرۇھ سىستېمىلىرىغا قەتئىي بېقىنىش ۋە ئەگىشىش؛ 3) مۇسۇلمانچىلىق تۇرمۇشى جەھەتتە: پىر تۇتۇش، پىلر دېگەننى قىلىش، پىر بۇيرۇغاننى ئورۇنداش، پىرنى ئۆرنەك قىلىش؛ 4) ئىجتىمائىي تىرىكچىلىك ۋە ئىجتىمائىي ئاڭ جەھەتتە: تەقدىرگە تەن بېرىش، «پېشانە» گە «پۈتۈلگەن» گە رازى بولۇش، «شەيتان» يولىغا كىرمەسلىك، پىرلەر ئەقىدىچىلىكىدىن زادىلا چەتنىمەسلىك؛ 5) جەمئىيەت قۇرۇلمىلىقى جەھەتتە: پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي،

مەدەنىيىتى، دىنىي، مىللىي، ئەخلاقىي مۇلازىم جان تومۇرلىرىنىڭ تەقدىرى يېتەك-
چى «پىر» - «سەئىد» خوجا - ئىشانلارنىڭ «سۇلۇك» تىزگىنلىرىدە، ئىلىكىدە بولۇشى
(دېمەك، جەمئىيەت، ئادەم، هايات، هادىسە، هەرىكەت ئوقتىلىرىنىڭ ئومۇمىي تەقدىرى
خوجا - ئىشانلار داملىرىدا بولۇش...) دەك كەلگۈسى ناداھەتلىك ئوسال قىلمىشلارنىڭ
هۆكۈمران هالەتلەر شەكلىدە ئومۇملىشىشلىرى بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. دېمەك، مەلۇم
مەنىدىن ئالغاندا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي تەقدىرى نامىدىكى «دىن» چى ، ئەمەلىيەت-
تىكى سىياسىي بەدىنىيەت، نامىدىكى «دىنىي سۇلۇك» ، ئەمەلىيەتتىكى سىياسىي ئورۇن.
نامىدىكى «دىنىي» هەرىكەت ،ئەمەلىيەتتىكى سىياسىي هەرىكەت كۈچلىرىنىڭ ئەڭ تەپرى-
قىلىق (ئەڭ زىتلىشىش - ئەڭ ئۆچلىشىش) توقۇنۇشلىرى قايناملىرىدا چۆكۈپ تۇراتتى.
دېمەك، ئەجدادلىرىمىز بىلەن يۇرت - ماكانلىرىمىزنىڭ تارىختىكى بىر مەزگىللىك تەقدىرى
خۇددى هۆرمەتلىك ئۇستاز موللا مۇسا سايرامى تەكىتلىگەندەك: «... بەزىدە تەرىقەتنىڭ
زىكىر ۋە پىكىر يولى بىلەن ئىبادەت قىلىپ ئاللادىن مەدەت تىلەشكە شۇغۇللىنىدىغان،
بەزىدە ئەيش - ئىشرەت، نەغمە ناۋا، چاي بىلەن بەزمە قىلىپ، نەپسپەرۋەرلىككە شۇغۇل-
لىنىدىغان ... ئۇرغۇن مال - مۈلۈك توپلىغان، يا ئۆزىنىڭ بىرەر ئۇرۇق - قايداشلىرىغا
رەھمەشەپقەت قىلىپ باقمىغان، يا بىرەر دۇئايى- ئەهلى پازىل ۋە هۈنەرۋەنلەرگە ئىنئام قىلمى-
غان... يا بىرەر دەريا - ئۆستەڭگە كۆۋرۈك سالدۇرۇپ، يا قۇدۇقلار كولىتىپ، ۋەخپە ئەشيا-
لارنى قىلىپ... يا بىرەر نەمۇنە ئەسەر يارىتىپ... باقمىغان... هەر بىرى خۇددى ئاچ
بۆرە شەكلىگە كىرىپ، بۆرە قويغا چاپقاندەك پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكىگە هەتتا ئۇلارنىڭ
جان - ئىمانىغا قاتتىق زۇلۇم سالغان ... بىر قانچە تائىپەلەرگە بۆلۈنۈپ بىر - بىرىگە
هەسەت، ئاداۋەت قىلىشىپ، ئۆتۈدىغان ...» («تارىخى هەمىدى» 143 -، 324 - بەتلەر)
بەدىنىيەت «دىنىي» ئاقسۆڭەك تەرىقە ئىلاهلىرى— «دىن» دارىنىقابىلىق «پىر» لارنىڭ دام-
لىرىغا چۈشۈپ قېلىشقانىدى.

## 6- نوقانچى هازازۇللار

بىزنىڭ مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنى يوقىرىقىدەك بىر - بىرىگە زىت ئۇرغۇن «دىنىي
سۇلۇك»، «دىنىي تەۋەلىك» لەرگە پارچىلاپ «ئەڭ پاك مۇسۇلمان» چىلىقىغا يېتەكلەپ تۇ-
رۇشقا يېتەرلىك مۇيەسسەر بولۇشقان «سۇلۇك»لەر«داهىي»- «ئەۋلىيا»لىرى مىلادى1680-يىللاردىن
1850-يىللارغىچە بولغان يەنى «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» خوجىلارنىڭ «دىنىي»-سىياسىي
هەرىكەتلىرى كۈچىيىپ تۇرغان زامانلار ئىچىدە بىزنىڭ يۇرت - ماكانلىرىمىزنىڭ «خان»،
«پادىشاه» لىقىنى قىلىشقان تەپكۇ، قورچاق «خان» ، «پادىشاه» خوجىلار زالىم
هۆكۈمرانلارنىڭ ئەڭ سادىق سىياسىي ئەر بابلىرىغا،خۇنخور قىساسچى ئەمەلدارلىرىغا ئاي-
لىنىپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرۇشقانىدى. دېمەك، ئۇلارنى تەرىقەت سۇلۇكلىرىنىڭ «داهىي»-«ئەۋلىيا»-
لىرى،«دىن هامىيلىرى» دېگەندىن كۆرە، دىنىي هوقۇق بىلەن هاكىمىيەت هوقۇقىنى بىر گەۋدىگە
مەركەزلەشتۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئۆزجەمەتلىرى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىشىدىغان،زالىم هۆكۈم-
رانلارنىڭ قولتۇقلىرىدىلا مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەن، ئەڭ جاهالەتلىك فېئودال ئىستىبداتلار-
نىڭ ئاغزىدىن «ئىمان» نى، دىلىدىن باياقنى، قولىدىن قىلىچنى تاشلىمايدىغان پىقىندى

www.uyghurkitap.com

ۋاللىم شېرىكلىرى دەپ ئاتاش تولىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. شۇڭا بىز ئۇلار ھۆكۈم سۈرگەن تارىخىي زامانلارنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ «قۇرئان كەرىم» مەنبەلىكىدىكى «شەرىئەت»نى مەزمۇن ۋە مەركەز قىلغان مۇسۇلمانچىلىقى (مەزمۇن، مىزان، نىزام جەھەتلەردىن) بۇزۇپ تاشلانغان، شەخسلەر مەركەز قىلىنغان ئىشانلار «دىن» «سۇلۇك» لىرى يامراپ ئالەمنى جاھالەت زۇلمىتى قاپلىغان، مىللىي تەقدىرىمىز، مىللىي روھىمىز، ماددىي، مەنىۋى تارىخىي مىراسلىرىمىز ۋەيران بولغان ئەڭ ئەپسۇسلۇق قارازامان ئىدى، دەپ قارايمىز.

شۇ زاماننىڭ تارىختا بىزگە كەلتۈرگەن بالايى - ئاپەتلىك مالامەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى مۇنداق ئەسلەپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

### 1. «ھىجرەت» لەر پاجىئەلىرى توغرىسىدا

«تەرىقەت» چى خوجا - ئىشانلار تۈزۈمىنىڭ تارىختا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا كەلتۈرگەن ئەڭ ئېغىر مالامەتلىرىدىن بىرى — جەمئىيەتتە تۈزۈم خاراكتېرلىك «ھىجرەت» لەر سەپەرۋەرلىكى قىلمىشلىرىنى جەمئىيەتلەشتۈرۈش، «ھىجرەت ئىمانىمىسى»، «ھىجرەت سەدىقىسى» ۋە «ھىجرەت» لەر «پىدائىي» چىلىقى ... نى تەركىمىز «دىنىي ئادەت» لەر سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇشلاردىن ئىبارەت بولغانىدى. بۇ خىل «ھىجرەت» لەر سەپەرۋەرلىكىنىڭ مەنە ۋە خاراكتېرى توغرىسىدا «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» تە مۇنداق دېيىلگەن: «... پىر - ئەۋلىيالىرىمىزنىڭ خۇدالىق ئۆمرىدۇۋى مۇددىئا، ئادەت ۋە دالالەتلىرى بولسا، ھەج ئورنىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ئەۋلىيا - ئەنبىيا، سەئىد - پىرى ئەزىزانلەرنىڭ ياتقان مازار شېرىپلىرىنى نىيەت ۋە نىشان قىلىپ ھىجرەت (سەپەر) كە چىقماق، ئول ئورۇنلارغا دۇئا تىللاۋەت قىلماق (تاۋاپ - زىيارەت قىلىپ تۇرۇشنى زاتەن تەرك ئەتمەسلىك)، قەدەمجايلار (تارىختا ئۆتكەن ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ... تۇرۇپ، جاھان تۇتۇپ ... ئۆتكەن جايلار — ئا) نى زىيارەت قىلىپ، دۇئا قىلىپ ياد ئېتىپ يوقلاپ تۇرماقنى ساۋاب بىلمەك، تاپقان (يېتىشكەن) پىر - سەئىدلەر (چوڭ خوجا - ئىشان يېتەكچىلىرى كۆزدە تۇتۇلغان — ئا) نىڭ مۇبارەك دىدارلىرىنى كۆرمەك، سالام بىجا كەلتۈرمەك، زىيارەت قىلماق، مۇلاقەت ۋە خىزمەتلىرىدە بولۇپ ئۆتمەكنى قەرز ۋە ئەنئەنەت بىلمەك .... خاسىيەتلىك، ساۋابلىق ئىشلارغا ساخاۋەت ئاتىماق، قۇللۇق قىلماق، مال - دۇنيا، جان - تېنىنى تا ئەبەدكىچە ئايىماسلىق، قانچە ئۇزۇن ئەرەج ۋە جاپا كۆرسە شۇنچە رازى، شۇنچە شان - شەرەپ بىلمەك ... پۈتۈن ئەھلىي مۇسۇلمانلارنى بۇ خىل ساۋابى نىساب خەزىنىلىرىدىن ھەر قاچان، دائىما بەھرىمەندۇرۇپ ئۆتمەك... ئىدىلەر...»

سانىسىزلىغان تارىخىي پاكىتلاردىن بىلىمىزكى، ھەرخىل «تەرىقەت» لەر «سۇلۇك» لىرىنىڭ «داھىي»-«ئەۋلىيا» لىرى ئۆز پەيتلىرىدە «مۇرىت» لىق رىشتىلىرى بىلەن ئۆزلىرىگە بېقىندۇرۇپ تۇرغان ئەجدادلىرىمىزنى ئۆزلىرى خالىغان ھەر قانداق چاغ ۋە ھەرقانداق ئورۇندا خالىغانچە قوزغاپ، ئۇيۇشتۇرۇپ ئۆز ئىخلاسلىرىدىكى «مازار شېرىپ»، قەدەمجايلار (تارىختا «ئۇلۇغ»لار جاھانسازلىق قىلىپ، نەزىر سېلىپ ئۆتكەن جايلار — ئا) نى تاۋاپ ۋە زىيارەت قىلىپ تۇرۇش، «پىر»-«ئەۋلىيا» لارغا تازىم ۋە سالاملار بېرىپ، دۇئا ئېلىپ، خىزمەتلىرىدە بولۇپ نەزىرلىرىدىن ئۆتۈپ... كېلىش سەپەرلىرىگە يېتەكلىشىپ ۋە ئۇنى

«ئىمان» (نىيەت — ئا) سەپىرى سۈپىتىدە قانۇنلاشتۇرۇپ (مەڭگۈ جەننەتنىيەتلەشتۈرۈپ) ئەجدادلىرىمىزنىڭ «خۇدايى» ھىجرەت سەپەر زەخمىلىرىنى چەكسىز كېڭەيتىپ ۋە تۈرلۈك سەپەر پاجىئەلىرىنى تۇغدۇرۇپ تۇرۇشقان. تارىخىمىزدا ئۇچراپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم «ئۇلۇغ» لار «ھىجرەت» لىرى ئەنە شۇنداق «ھىجرەت» لەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مىسالى ئىزنەكلىرىدۇر. بۇنداق «ھىجرەت» لەرنىڭ بىر قىسمىغا مىسال ئۈچۈن: 1) ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ بەزى ئوغۇللىرىنىڭ 1682 - يىلىدىن 1691 - يىلىغىچە يەكەن ۋە قەشقەردىن ھەر قېتىمدا «1001 مۇرىت - ياران» بىلەن باشلاپ تۇرپان، قۇمۇللاردا ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇرغان بەش دەپسەلىك دۇئا - تىلاۋەت «ھىجرەت» لىرى؛ 2) 1714-يىلىدىن 1730 - يىللار ئارىلىقىدا دانىيال خوجا ۋە ئۇنىڭ قېرىنداش ئوغۇل - ئەۋرىبالىرى تەرىپىدىن يەكەندىن ئىلىغا، يەكەندىن خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى «ئىمامى جەئفەر سادىق»، «ئىمامى جەئفەر تەيران»، «ئىمامى زەبىھۇللا»، «ئىمامى قاسىم»، «ئىمامى ھاشىم»... مازارلىرىغا بېرىپ - كېلىش نىيەت قىلىنغان، ھەر قېتىمقىسى 1001 كىشىدىن 101 كىشىگىچە ئادەم چىققان، خۇددى «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» تە تەكىتلەنگەندەك: «كەتكەندە 1000، كەلگەندە 100، قازاسى جىق، رىزاسى ئاز... (مىڭلاپ چىقىپ ئاران يۈزلەپلا قايتىپ كېلىش مۇمكىن بولغان) تەۋەنىمىش» - تىلەش «ھىجرەت» لىرى؛ 3) 1750 - يىللار ئىچىدە قۇمۇل، تۇرپاندىن باشلىنىپ يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا... لاردا ئاخىرلاشقان «ۋاڭ خوجام» لار «ھىجرەت» ① لىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايىدۇر.

بۇ خىل «ئۇلۇغ زات» لارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۇزاق مۇساپىلىق «ھىجرەت» لىرى ئومۇمەن بۇ دۇنيادىكى ھەممە جاپا - مۇشەققەت، زۇلۇم - ئەزىيەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ شۈكرى قىلىپ، ئاخىرەتلىكنىلا ئىزلەشكە، «پىر» لارغا چەكسىز سادىق بولۇش، ئۇنى رازى قىلىشنى مۇقەددەس خۇدايى قەرزى دەپ بىلىشكە، ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى ۋە تەلىماتلىرىنى قەلبىدە چىڭ ساقلاپ ئورۇنداش ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا «پىر» ئۈچۈن پۈتۈن ئائىلىسىنى، ھەتتاكى جېنىنى قۇربان قىلىشتىن باش تارتماسلىق... قا كۆندۈرۈلگەن پىيادە پىدائىيلار يەنى «بىر تەن، بىر جان سەپەرخان مۇرىت» لار توپلىرى بىلەن تۈگەللەشكەن «نىسابىي ھىجرەت» لەر بىلەن ئادا بولغان بولاتتى. ئاپپاق خوجىنىڭ مىلادى 1682 - يىلى ئەتىيازدا 41 سوپى، 1001 مۇرىت پىدائىيسى «ئاشىق» نى تالىلاپ ئەگەشتۈرۈپ يەكەندىن باشلاپ شۇ يىلى كۈزدە ئاخىرقى نۇقتا — قۇمۇلدا ئاخىرلاشتۇرغان «نىسابىي ھىجرەت» ىنىڭ تولۇق مەزمۇنى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» نىڭ مۇئەللىپى مۇنداق يازغانىدى: «... ھىدايىتۇللا خوجا ھەمدە ئۇنىڭ ياران - ئەۋرىبالىرىنىڭ قۇمۇل ھىجرىتىدىكى مۇددىئالىرىنىڭ تۈپ مەنە ۋە مەزمۇنى — قۇمۇل ئۇلۇغلىرىنىڭ پېشىۋاسى ھەزرىتى سەئىد مۇھەممەد شاھنىڭ ئوغۇللىرى ھەزرىتى سەئىد ئەبەيدۇللا خان بىلەن دىدارلىشىش، خانلىق سۆھبەت - مۇلاقىتىدە بولماق، ئېلىگە

① بۇ يەردە قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئالاھىدە پېشىۋالىرىدىن بىرى بولغان يۈسۈپ خوجا ياكى يۈسۈپ ۋاڭ خوجا ۋەكىللىكىدىكى قۇمۇل خوجىلىرى كۆزدە تۇتۇلغان. بىلىشىمىزچە، يۈسۈپ خوجا تارىختىكى يەكەن خوجىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، مىلادى 1758 - يىلىدىن 1766 - يىلىغىچە ھانجۇ خانلىقىنىڭ «قۇمۇل ۋاڭ» لىقىنى قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن. «ۋاڭلىق» ئۆمرىدە قۇمۇل، تۇرپان تەرەپلەردىكى «ئۇلۇغ ۋاڭ جەمەتلىرى» ھېسابلىنىدىغان چوڭ خوجا - ئىشانلارنىڭ دەۋەتلىرى بىلەن ئىككى قېتىم يەكەندىكى «ئالتۇنلىرىم»، ئاقسۇدىكى «ئىمامى پەتتال غازى»، كۇچادىكى «مەۋلانا ئەرشىددىن ۋەلىيۇللا»... مازارلىرىنى تاۋاپ ۋە زىيارەت قىلغان — ئا.م

ئامانلىقى، ئىنساب ۋە تەۋپىق تىلىمەك... «ئالتۇن شىرى»، «ئەسھابۇلكەھف»... لەرنى تاۋاپ- زىيارەت قىلماق، كىشىلەرنى «تەرىقەتتى ئىشقىيە» سىلوكىگە دەۋەت قىلماق... ئىدىلەر...»

بىزگە مەلۇمكى، ئاپپاق خوجا «خان» بۇ قېتىملىق سۆھبەت مۇلاقىتىدە بولۇشنى ئىستەك قىلغان «سەئىد» ئەبەيدۇللا «خان» جۇڭغار غالدان قونتەيجى ھاكىمىيىتى ئۆز ۋاقتىدىكى قومۇل رايونىنى بېسىۋالغاندا قومۇلغا «تارخان بەگ» قىلىپ قويۇلغان، مىلادى 1697- يىلىدىن كېيىن بارەن قومۇلنى بېسىۋالغان مانجۇ خانلىقى قىسىملىرىغا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ مانجۇلارنىڭ «قومۇل ۋاڭ» لىقىنى قىلىپ، 1710- يىللاردا قومۇلدا ئالەمدىن ئۆتكەن... ھۆكۈمران زالىم ئىدى. ئالاھىدە بىلىمىزكى، ئۇ كىشى قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ 2- بوغۇم بوۋىسى بولۇپ، ئۆزىنى «سەئىد» ئەۋلادى دەپ ئاتىغان. قومۇلغا «تارخان بەگ»، «ۋاڭ» بولۇپ تۇرغان يىللاردا جۇڭغار باسقۇنچىلىرى بىلەن كۈرەش قىلىپ نوپۇسى ئازلاپ كەتكەن قومۇلغا تۇرپان، توقسۇن، پىچان، ئاقسۇ، كۇچا، قەشقەر، يەكەن، خوتەن... لەردىن تۇتقۇن كۆچۈرۈپ ئادەم كۆپەيتكەن ھەم ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن سوقۇشلاردا ۋەيران بولۇپ كەتكەن قومۇل شەھىرىنى قايتىدىن كېڭەيتىپ بىنا قىلغان، ماڭاي (دۇنخۇاڭ)، ئارا يۇلتۇز (شىڭشىڭشيا)، ئارا يۇلتۇز- بوغاز (قومۇلنىڭ 30 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى بىر يېزا ـ ئا) غا «خان يولى»نى ياسىتىپ راۋانلاشتۇرغان. ئۇنىڭ ئاتىسى سەئىد مۇھەممەد شاھ خوجا (باباخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ ـ ئا) ئۆز ۋاقتىدا ئاپپاق خوجىنىڭ دادىسىغا قومۇلدا پاناھلىق بەرگەن، شەپقەت قىلغان... كىشىدۇر. بۇيەردە شۇنىسى ئېنىقكى، ئاپپاق خوجىنىڭ شۇ قېتىملىق «نىسابىي ھىجرەت»ى خۇدايى خالىس دىنىي ھىجرەت ياكى «تەرىقەت» چىلەر ھىجرىتى دېگەندىن كۆرە ئۆز ۋاقتىدىكى قومۇلنىڭ زالىم ھۆكۈمرانى، ئىستىبدات ئەبەيدۇللا ۋاڭ بىلەن يۇرت - ماكانلىرىمىز ھەم ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي تەقدىرىنى قانداق قىلىپ ئۇزاق ۋاقىت كونترول قىلىپ تۇرۇشنى سىياسىي جەھەتتىن كېڭىشىش - ۋەزىيەت مۆلچەرلەش، ئېغىز - بۇرۇن يالىشىش... «ھىجرەت»ى دېگەن توزۇك ئىدى. ئاپپاق خوجىنىڭ شۇ قېتىملىق «ھىجرەت»ى شەكىل جەھەتتىن «غەلىبە» قىلغان دېگىلى بولسىمۇ، مەزمۇن ۋە ئەمەلىي جەھەتتىن ئېغىر مەغلۇبىيەت ۋە بەزىبىر پاجىئەلىك ھادىسىلەر بىلەن نەتىجىلەنگەن سۈنئىي «ھىجرەت» دېيىشكە بولاتتى. سەۋەب: ئاپپاق خوجا ئۆزىنىڭ «ئىشقىيە» «تەرىقەت» سىلوكىنى قومۇل، تۇرپان تەرەپلەردە يەنىمۇ كېڭەيتىمىش، يەنە نىمۇ شۆھرەتلەندۈرۈش ئۈچۈن شۇ قېتىم قومۇلدا تۇرپان، قومۇل دىنىي ئۆلىمالىرىنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ «تەرىقەت» غايىسىنى بۇ تەرەپتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي دىنىي مىزانى (دىنىي يولى) قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئاپپاق خوجا مۇنداق دېگەن: «شەرىئەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمى، تەرىقەت بولسا ئاللانىڭ ھۆكمى...» قومۇل، تۇرپان دىنىي ئۆلىمالىرى بۇ قاراشقا قەتئىي قوشۇلمىغان، قارشى چىققان. ئاپپاق خوجا ھەم ئۇنىڭ سوپىلىرى بىلەن دىنىي ئۆلىمالار، شەرىئەتكار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا جىددىي دىنىي توقۇنۇشلار يۈز بەرگەن. يەرلىك مۇسۇلمانلار ئاپپاق خوجا ھەم ئۇنىڭ سوپى - مۇرىتلىرىنى «ھازازۇل نوقانچى»لار دەپ ئاتاشقان. ئاخىرى ئاپپاق خوجا «سەئىد» ئەبەيدۇللا «خان»دىن رازى، ئەلدىن خاپا ھالەتتە ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن قومۇلدىن «كۆڭلى» قېلىپ، تۇرپان، كورلا تەرەپلەردىمۇ مۇسۇلمانلارغا دېگەندەك تونۇلۇپ كېتەلمەي، قومۇل، تۇرپانلارنى «ئاستىنىڭ كۆل، ئۈستىنىڭ چۆل... بولۇپ كەتكەي» (خەلق ئېغىز ۋايەتلىرىدىن) دەپ، كورلا ئەھلىنى «كۆزى كورلار.....» دەپ «قارغىۋېتىپ»، «خان»لىقىنىڭ

ئامانلىق ئېھتىياجى زورۇرىيىتى بىلەن بىر قىسىم «ھەمراھ»لىرىنى تاشلاپ يەكەنگە قايتىپ كەتكەن، ئاپپاق خوجىغا ئەگىشىپ «نىسابىي ھىجرەت»كە بىللە چىققان قىرىق بىر سوپى - ئاشىق بىلەن 1001 سەپەرخان بىللىكى «مۇرىت»تىن سەپەر ئۈستىدە «تەقدىرى ئەجەل»دىن ئېشىپ «مۇرادى»غا يېتىپ يەكەنگە ئاران ئەستە 111 ى قايتىپ كەلگەن. ئاپپاق خوجا ئۇلارغا «ئاردى بىللا» (قىيامەتتە يەتكەن سوپى — ئا) نامىنى ئاتا قىلىپ قەشقەردىكى يېزىلىرىنىڭ يېتەكچى سوپىلىق ۋەزىپىلىرىگە تەيىنلەپ پايدىلانغان. ئاپپاق خوجا سەپەرخانلىرىنىڭ شۇ قېتىمقى ئومۇمىي سەرگۈزەشتىلىرى توغرۇلۇق «تەزكىرەي ياران»دا مۇنداق مەلۇماتلار بېرىلگەن: «.... نىسابىي ھىجرەت — ھىجرىيە يىل ھېسابى بىرلە 1093 - سىنە رەبىيئەل ئاخىردا ياركەندتە ئالتۇن شىرىپتىن باشلىنىپ، شول سىنە زۇلقەئدەدە ياركەند ئالتۇن شىرىپتە ئاخىر بولغان (مىلادى 1682 - يىلى 4 - ئايدا يەكەندىن باشلىنىپ شۇ يىلى 11 - ئايدا يەكەندە ئاياغلاشقان دېمەكچى — ئا) .... دۇنيانىڭ مەشەققەتلىرىدىن تامامەن خالىي بولۇپ، ئۆزىنى شەك - شۈبھىسىز مۇشەققەت، جاپاغا ئاتاپ، دۇنيانىڭ غېمىدىن دىلىنى ئۈزۈپ، يىغلاپ يۈرىكىنى كاۋاپ قىلىپ، جانابى قۇتبىل ئەقتاب زاتى بەرىكاتىنىڭ پايىقەدەملىرىگە ياندىشىپ، چىراي مۇبارەكلىرىگە قاراپ تويماي، لەۋزى، بىشارەتلىرىگە قېنىپ، خىزمەتلىرىدە بولۇپ، ھىجرەت شارائىتى ئۈچۈن بىر تەن، بىر جان، جۇلجۇل لىباس، يەر تاپان، يالاڭباش، شىرداق بەدەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سەپ «شەھىد»لىك دەرىجىلىرىنى ئىزدەپ، چۆللەردە كاۋاپ، يوللاردا ئىز، سەھرا، قىشلاق .. ئەل ئارىلىرىدا پەقىرلىقتە خارلىنىپ يىغلاپ ھەر قىسىم يەرلەردە نىسابىي ساۋاب (ساۋابنى ئاخىرقى دەرىجىگە يەتكۈزۈپ دېمەكچى — ئا) تېپىپ ئاللەمدىن شەھىدلىك دەرىجىسى بىلەن ئۆتكەن ئەھلى جەننەتلەرنىڭ دېرەك سان - ھېسابى 601 بولغان ئېرىدىلەر ..» دېمەك، ھەزرىتى ئاپپاق خوجىغا ئەڭ قاتتىق ئىخلاس قىلغان، ئەستايىدىل ئىشىنىپ بىر تەن، بىر جان ئەگەشكەن بىچارە ئىخلاسكار ئۇيغۇرلاردىن شۇ قېتىمقى ھىجرەت سەۋەبىدە ئۆز «ئىختىيار»ىلىقى بىلەن «ساۋاب» ئىزدەپ چۆل - جەزىرىلەردە چېپىپ سوكۇلداپ، سوغۇق - ئىسسىققا ئاچ، ئاچىزلىققا، ئاغرىق، يول ئازابلىرىغا، تۈن، كۈن، يېغىن - يېشىن، بوران، قىيان .. خەۋپلىرىگە پىسەنت قىلىشماي، ئاپپاق خوجا ھېسابىغا «شەھىد»لىك دەرىجىلىرىنى تاپقانلارنىڭ سانى 601 گە ئۇلاشقان. قالغان 330 ى بۇ تەرەپلەردە «سەرسان قەلەندەر»لەردىن بولۇپ تۈگەشكەن. دېمەك، ھەزرىتى ئاپپاق خوجا يولىدا نام - نىشانسىز، كېپەن - لەھەتسىز خۇددى قىيامەت سەھراسىغا يولۇققاندەك تىرىدىپىرەن، تىتمۇ تىتىلىشىپ، قارغا - قۇزغۇن، ئىت - قۇشلار ...غا يەم بولۇپ يەر يۈزىدىن ۋاقىتسىز يوقالغان بۇ جانلارنىڭ تارىخ ئالدىدىكى سەۋەبكە قىساس ۋابالى ئاپپاق خوجا تارىخىنىڭ جىنايەت بەتلىرىدىن مەڭگۈ ئۆچمىگۈسىدۇر، ئەلۋەتتە.

## 2 . تېگى تۆشۈك «ساۋاب»لار توغرىسىدا

مىلادى 1714 - يىلىدىن 1730 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا دانىيال خوجا ۋە ئۇنىڭ قېرىنداش، ئوغۇل - ئەۋرىبالىرى يەكەندىن ئىلىغا، يەكەندىن ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتى تەۋەلىرىدىكى مازار، قەدەمجايلارغا (ھەر قېتىمدا بىر مىڭ بىرىدىن، تۆۋىنى بىر يۈز بىرگىچە، خۇدايى ئىختىيارلىقنى ساۋاب بىلگەن «مۇرىت - ياران - ھەمراھ» ئېلىپ) بەش قېتىم «خۇدايى ھىجرەت» ئۇيۇشتۇرۇشقان. بىلگۈچىلەر بۇ خىل «ھىجرەت»لەرنىڭ ئۈچ قېتىمقىسىنىڭ ئىلى تەۋەسىگە، ئىككى قېتىمقىسىنىڭ خوتەن تەۋەلىرىدىكى ئون نەچچە چۆل

www.uyghurkitap.com

مازارلارغا قارىتىلغانلىقىنى بايان قىلىشىدۇ. مېنىڭچە، بىزنىڭ تارىخىمىزدا جۇڭغار ھەربىي فېئودال خانلىقىغا قارام بولۇپ تۇرغان قەشقەردىكى تەيكۇ «خان» لىقىنى بىر قەدەر ئۇزاقراق قىلغان ھۆرمەتسىز پىداكار دانىيال خوجا ۋە ئۇنىڭ ياندىماچىلىرى ئۆز پەيتلىرىدە ئىلىنى مەركەز قىلغان جۇڭغار خانلىقىنىڭ كاتتىلىرى ھۇزۇرىغا سوۋغا - سالام بىلەن قۇللۇققا بېرىپ تۇرۇش يولۇشلىرى (ئەمەلىيەتتە غالچىلىق يولۇشلىرى)نى مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا «خۇدايى ھىجرەت» نامىدا پەدازلاپ داۋام ئەتكۈزۈلۈشكەن. بۇ خىل «ھىجرەت»لەرنىڭ ئەينى ماھىيىتى توغرىسىدا تارىخچى ئۇستاز موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخى ئەمىنىيە» دېگەن كىتابىدا توختىلىپ: «...خوجاملار (دانىيال خوجا ۋە ئۇنىڭ پەرزەنت ئەۋلادلىرى كۆزدە تۇتۇلغان — ئا) ھەر يىلى بىر ۋە ياكى ئىككى قېتىمدىن ئورغۇن سوۋغا - سالام، تارتۇق پېشكەشلەرنى ئېلىپ ئىلىغا بېرىپ، قۇنتەيجىگە كۆرۈنۈش قىلىپ... رۇخسەت بولغاندا قايتىپ كېلىپ تۇرىدىكەن...» دەپ يېزىپ ئۆتكەن (قەشقەر «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» 1984 - يىل 1 - سان 16 - بەتتىن).

مەزكۇر ھۆكۈمران خوجىلار قەستەن ئىشلىتىدىكى بۇنداق ئىلى «ھىجرەت»لىرىنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا كەلتۈرگەن ئەڭ ئاپەت خاراكتېرلىك زەخمە - تالاپەتلىرى بىلەن زىيان - زۇلمەتلىرىنىڭ ئېغىر بېسىملىرىدىن بىرى — «ھىجرەتتى ئىشانە» ۋە «ھىجرەتتى ئەۋقاپ»لاردىن ئىبارەت بولغانىدى. «ھىجرەتتى ئىشانە»نىڭ مەنىسى — يۇقىرىلاردىن «ھىجرەت» ئۈچۈن يىغىپ ئېلىنىدىغان سەپەر پۇلى، سەپەر ئۇلىقى، سەپەر ھاشىرى، سەپەر ئوزۇقى، سەپەر كىيىمى، سەپەر جابدۇقى، سەپەر چۈشكى، ئەرمەج پۇلى... قاتارلىق «خۇدايى سېلىق»لارنى ئىلاجى قىلىپ جىقراق يىغىۋېلىش دېگەنلىك ئىدى. «ھىجرەتتى ئەۋقاپ»نىڭ تولۇپ مەنىسى بولسا: مازارلارغا بېرىپ ياكى ئۆلگەن «سەئىد» — «ئۇلۇغ»لارغا مازار تىكلەپ «تاۋاپ» قىلىپ تۇرۇش ھېسابىغا مازار، خانىقا، مەدرىسە، مەسچىت...لەرگە «ۋەخپە زېمىن» قوبۇل قىلىش باھانىسى بىلەن ئەلدىن ھەقسىز يەر - زېمىن يىغىۋېلىش — «ۋەخپە» قوبۇل قىلىش دېگەنلىك ئىدى. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان «ۋەخپە زېمىن» — ئومۇمەن تېرىكىن يەر، ئوتلاق، يايلاق، باغ، كۆل، سۇ، ئورمان، كان، ساراي، لەنگەر، ھويلا - ئارام، ئۆي، دۇكان، ھەر خىل كاسىپلار تۇرالغۇ جايلىرى...نى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ھەر يىلى، ھەر يەردە، ھەر دائىم دېگۈدەك ئېلىنىپ تۇرۇلىدىغان بۇ خىل «ئىشانە»، «ئەۋقاپ»لارنى «ساۋاب» پەتىۋالىرى چاپلانغان خوجا - ئىشانلار بولاڭچىلىقى ياكى مۇسۇلمانىنىڭ قان - تەرى بىلەن ئۆزلىرى خەزىنىلىرىدە بولۇۋاتقان نامۇسۇلمان، زالىم، ھەربىي فېئودال جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنى رازى قىلىپ تۇرۇشنى«كەسپىي راۋا بىلگەن خائىن خۇشامەتچى — سوپەك خوجىلارنىڭ لەنىتى سېلىقلىرى دېيىشكە توغرا كېلەتتى. بۇ خىل سېلىقلارنىڭ دەستىدىن ئەجدادلىرىمىز خۇددى «بورقۇم ئەۋلىيا»دا تەكىتلەنگىنىدەك: «...يەر، سۇ، تاغ - تاران، باغ- باران، ئۆي - مۈلۈك، چاھارپاي (چارۋا مال — ئا)، پۇل - پېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك...كە زار، ھاياتتا مادارسىز، ھەممە ئېغىرچىلىق، يوقسۇز، بىچارىلىق...» قا چۈشۈپ تۇرغانىدى. 1952 - يىلى 16 - دېكابردا «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2 - ، 3 - بېتىدە ئېلان قىلىنغان قاراقاش زاۋا ۋادىسىنىڭ ئېكىن يەر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بىر تارىخىي ماقالەدە («يومېشچىكلار تارىختا دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى قانداق تارتىۋالغان» دېگەن ماقالەدە) 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى يەنى بۇ تەرەپلەرگە دانىيال خوجا ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ھۆكۈمران بولۇپ ئۆتكەن چاغلاردىكى زاۋىلىقلارنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇشى، ئىگىلىك

ئېرىكچىلىكى، ئېكىن يەر ۋە يەرلەرنىڭ ئىشانلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىش ئەھۋاللىرىنى مۇنداق بايان قىلىنغانىدىم: «ھىجرىيە 1100 دە زاۋا تەۋەسىگە سىرتتىن پەيدا بولۇپ قالغان مەۋلانە ئىشان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى زىكىرىيا ئىشانلىق قىلىشقا باشلايدۇ. ھىجرىيە 1110دىن ھىجرىيە 1142 گىچە (مىلادى 1333 - يىلىدىن 1730- يىلىغىچە) ئىشانلىق زىكىرىيا ئىشاننىڭ ئوغۇللىرى — ئابدۇللا خان، ئارىفخان، ئىبراھىمخان ۋە ئەراخىتانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئەسلىدە «بىر ئىشانلىق» يۇرت بولۇپ، تۆت ئىشانغا تەۋەلىشىدۇ ھەم بۇ يەرنىڭ شۇ چاغلاردىكى 180 ئۆيلۈك ئاھالىسىمۇ مەزكۇر ئىشانلارنىڭ «دىنىي» ئەمرى - مەرۇپلىرىگە كۆنۈپ، «دىنىي» دالالەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ تۆت ئىشاننىڭ «مۇرىت»- «ياران»لىقىنى «ئىختىيار» قىلىشىدۇ. يەرلىك مەمۇرىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىمتىيازلىقلارنىڭ ھەممىسىمۇ «ئەل قايان، سەن شۇ يان» بولۇشۇپ ئۇلارنىڭ «ئۇلۇغ»لۇقىغا ھۆرمەت - ئېتىباردا بولۇپ، مەسلىھەتتە بىرلىشىپ، دېگەنلىرىگە ھەمكارلىشىپ، ئەل - يۇرتنىڭ تەقدىرىگە مۇئەككەل (ئىگە) بولۇشقا باشلايدۇ. «ساۋاب»لىق ئۈچۈن مازارلارغا «ھىجرەت» قىلىش، «ئۇلۇغ»لارنى «زىيارەت» قىلىش، «خانىقا»، ئەھيا قىلىش، چۈۋۈش، «پىر»لەردىن «دۇئا» ئېلىش، «ئەزىز»لەرگە «خىزمەت» قىلىش، «خۇدا يولىدا نەزىر نۇزۇرات»، «سەدىقە»، «پىتىر»... بېرىش نامىلىرى بىلەن ئەلدىن «خۇدادىيى دارامەت»لەرنى يىغىۋېلىشنى ئەۋج ئالدۇرۇۋېتىشىدۇ. بۇھال بارا - بارا زاۋا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەمەلىي ۋە ماددىي مۇسۇلمانچىلىق ئۆلچىمى — پەقەت ئىشان- «پىر»لارغا بېرىدىغان ماددىي «ھەدىيە»، «ئىئانە»سىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەنلا ئۆلچىنىپ تۇرىدىغان ئەلەتتە «دىنىي» تارازا — مىزانلىق تۈسىدە جامائەتلىشىپ ۋە قەرزى «ئادەت»كە ئايلىنىپ قالىدۇ. دېمەك، زاۋىلىقلار ھەر يىلى ئىشان- «پىر»لارنىڭ مازارلارغا بېرىپ «تاۋاپ» قىلىپ، «ئۇلۇغ»لارنى ئىزدەپ زىيارەت قىلىپ تۇرۇشلىرى ئۈچۈن «دىنىي» ۋەزىپە، «خۇدايى قەرز» ھېسابىدا «ساۋاب» ئىزدەپ قولىدىكى ئېكىن يەرلىرىنى «خۇدا يولىدا ۋەخپە»، ۋەج - ئوقەت، چارۋا مال، پۇل-پۈچەك، ئوزۇق-تۈلۈك... لىرىنى بولسا «سەدىقە»، «ھەدىيە»، «ئىئانە» قىلىپ تۇرۇشىدىغان «ئادەت» كە كۆنۈپ كېتىشىدۇ. ھەر خىل ھادىسە، سەۋەبلەر بىلەن بۇ يۇرتتىن رىزقى كۆتۈرۈلگەن، مۇئەللەق ۋە مۇتلەق ئەجەللەر بىلەن بۇ ئالەمدىن ئۆتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆچمە مۈلۈك (زېمىن...) لىرىمۇ ئۇدۇللۇق ئىشان- «پىر»لار قولىدىكى «ۋەخپە زېمىن» لەرگە قوشۇلۇپ كېتىۋېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئازكەم يېرىم ئەسىر ئىچىدە زاۋىنىڭ 60 پاتمانلىق (بىر پاتمانلىق يەر — ھازىرقى زامان يەر ئۆلچىمى يەنى 666 كۋادرات مېتىر يەرنى بىرمو ھېسابلاش ئۆلچىمى بويىچە تەخمىنەن 90 موغا توغرا كېلىدۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇن 60 مو دېيىلەتتى — ئا) ئېكىن يېرىدىن 43 پاتمانلىقى ئىشان - «پىر»لار ئىلكىدىكى «قارا ۋەخپە» ياكى «قارا ئەۋقاپ»قا ئايلىنىپ كېتىدۇ.» بۇ يەردە شۇنى قوشۇمچە ئىزاھلاپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئىسلامىيەتتە يېتىم - يېسىر، مەئىشى پېقىر مۇسۇلمانلارغا زېمىن ۋەخپە بېرىش چاقىرىقى ئەزەلدىن بار. مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ نەزەرىدە، خۇدا يولىدا ساۋابلىق ئۈچۈن بېرىلىدىغان ۋەخپە زېمىن تارىختا بىزدە ئومۇمەن ئۈچكە: يەنى 1) «ئەۋلادى ۋەخپە» (مەلۇم شەخسنىڭ ساۋابلىق ئۈچۈن نامرات جەمەتلىرىنىڭ ھەقسىز، ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد تېرىپ يېيىشىگە ھەقسىز مەڭگۈلۈك بېرىۋەتكەن يەر - زېمىن — ئا)؛ 2) «خۇدايى ۋەخپە» — كىشىلەر تەرىپىدىن نامرات مۇسۇلمان ياكى ئېھتىياجلىق نامرات دىنىي ئورۇنلارنىڭ مەڭگۈلۈك پايدىلىنىشى ئۈچۈن ھەقسىز ئاتىۋەتكەن ۋاب زېمىن؛ 3) «مازارىي ۋەخپە» (مازارلاردا پاناھلانغۇچى— مازارلارغا مۇلازىم بولغان كىشىلەرگە ساۋابلىق ئۈچۈن مەڭگۈ ھەقسىز بېرىۋەتكەن زېمىن)؛

4) «خانلىق ۋەخپە» (ھەر خىل سەۋەب ۋە چارىلەر بىلەن ھەر خىل ھاكىمىي ئورۇنلار ياكى ھاكىمىيەتلەر تەركىبلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ۋە ئۆتكۈزۈپ ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەر خىل كۆچمەس مۈلۈك، زېمىنلەر — ئا) لەرگە بۆلۈنەتتى. ئومۇمەن يەتتە ئەزايى ساق، تېنى دۇرۇس، ئەمگەك ئىقتىدارى ھەم قەدىر ھال مال-مۈلكى بار، ئۆزىنىڭ ھالال تاپقىنى بىلەن ئۆز ئائىلە، خوتۇن - بالا چاقىلىرىنى بېقىپ... كېتەلەيدىغان خالىس مۇسۇلمان ئۈچۈن مۇنداق ھەقسىز زېمىن، مۈلۈكلەردىن ھەقسىز پايدىلىنىش «ھالال» ھېسابلانمايدىغانلىقى ئېنىق ۋە مۇقەررەر ئىدى. لېكىن، خوجا - ئىشان «پىر»لەر تەدرىجىي ھالدا بۇ خىل «ۋەخپە»لەرنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلەن يەر، سۇ، يايلاق، ئوتلاق، باغ، ھويلا - ئارام، ئۆي، دۇكان، ئىشخانا، ھەر خىل كاسىپلار ۋە كەسىپچىلەر تۇرالغۇ جايلىرى، ساراي، لەڭگەر، كۆل... لەرگىچە دائىرىلەپ ھەتتاكى زاۋۇتنىڭ ئەسلى ئومۇمىي زېمىنىنىڭ بارا - بارا شەرقتىن قاراقاش دەرياسىغىچە، غەربتىن يېيالماغىچە (ھازىر گۇمىنىڭ بىر يېزىسى — ئا)، شىمالدا جايتېرەككىچە (ھازىرقى قاراقاشنىڭ بىر يېزىسى)، جەنۇبتىن مۇجىغىچە (گۇمىنىڭ بىر يېزىسى — ئا) بولغان دائىرىلەرگىچە چۆرىدەپ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇرۇغ - تۇققانلىرىنىڭ «ھالال ئىگىلىكى»گە «تۆمۈر زېمىن» قىلىپ ئۆتكۈزۈپ ئېلىشقان. زاۋىنىڭ شۇ چاغلاردىكى 180 ئۆيلۈك يەرلىك ئاھالىسىنىڭ 160 دىنى (ئاساسەن يەرلىك دېھقانلار — ئا) ئۆزلىرىنىڭ «پۇتلۇق دېھقان»، «ئوقتاقچى»، «چاكار»، «يالاڭتۆش»لەرگە ئايلاندۇرۇپ، شۇ يەرنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر يەرلىك «دىنىي» فېئودال ئاقسۆڭەكلىك تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرۈشكەن. زاۋىلىق خوجا - ئىشانلارنىڭ ئەينى چاغلاردا شەكىللەندۈرگەن بۇ خىل «ھالال» ئىگىلىك مەۋقەلىرى بىلەن دىنىي فېئوداللىق ئىگىلىك ئىمتىيازلىرىنى قەشقەردىكى خوجىلىرىنىڭ شۇ چاغلاردىكى ئومۇمىي ئىگىلىك مەۋقەلىرىنىڭ بىر مەھەللىۋى مىسالى ۋە كۆزنەك تەركىبى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. پاك مۇسۇلمانلىق مەۋقە ھەم ۋىجدانىمىز بىلەن تارىختا ئۆتكەن بىر قىسىم خوجا - ئىشانلارنىڭ ھازىرقى زامان تەرەپتارلىرىدىن ياكى خوجا - ئىشانلىقنى «ساۋاب»لارنىڭ ئىجابەت بولىقى دەپ قارىغۇچىلاردىن ھەقلىق ھالدا شۇنى سوراپ باقايلىكى، ئىشنى دىن نامى بىلەن باشلاپ، دىن شوئارلىرى بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، «خۇدايى ساۋاب» تەشۋىقاتىنى ئۆزىمەي ئېلىپ بېرىپ، ئاقىۋەت نەتىجىسىنى بولسا يۇقىرىقىدەك ھەددى - ھېسابسىز بايلىق، ھەددى - ھېسابسىز ئىمتىياز ۋە ھەددى - ھېسابسىز رەھىمسىزلىك... ئەمەلىيەتلىرى بىلەن نەتىجىلەندۈرۈشكەن زالىم، ئاچكۆز ئەزگۈچىلەرنى قانداق قىلىپ «دىن»دار، قانداق قىلىپ «دىنىي پىر» ۋە قانداق قىلىپ مۇسۇلمانلارغا «ساۋاب» ئاتا قىلالايدىغان مۇسۇلمان دېگىلى بولىدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇلارنى تارىختا ئەجدادلىرىمىزدىن ھېچقانداق ھۆكۈمران خەنجەر، ئوق، قامچا، كىشەن... لەر بىلەن تارتىپ ئالالمىغان زېمىن، بايلىق، ئىمتىياز...نى «دىن» تەشۋىقاتى، «ساۋاب دۇئا»لىرى، «ئۇ ئالەم»لىكنى «بېرىش» ۋەدىسى ھەم دورۇت، تەرغىباتلىرى بىلەن ئالداپ تارتىۋالغان ئەڭ ئۇستات بايلىق ئەجدەھالىرى، مەككار سىياسىي ھۆكۈمرانلار دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى. تارىختا بىزنى ۋەخپە ماكان، ۋەخپە زېمىن، ۋەخپە خەلققە ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئۇنداق «دىن»چى «ئۇلۇغ»لارنىڭ «دۇئا»، «ساۋاب»لىرىنى دىنىي ئاتالغۇلۇق شەرتى بىلەن يەنىلا «دۇئا»، «ساۋاب» دېيىشكە توغرا كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنى پەقەتلا مۇسۇلمانلارنى خار - زارلىق بىلەن ۋەيران قىلغان لەنەتتى «دۇئا»، «ساۋاب»ۋە ياكى تېگى يوق — تېگى تەۋشلۇك «دۇئا»، «ساۋاب»ئىدى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ، خالاس.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)




مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇددىن

## ۋەتەن مېھرى

ئېيتقىن، ئەزىز تۇغقان ئېلىم،
ئالتۇنمۇ سەن، گۈل-غۇنچىمۇ.
مېھرىڭ گويا يالقۇن بولۇپ،
ياندى دىلىمدا شۇنچىمۇ.

ئاققان سۈيۈڭ ئابىي ھايات،
ئەنجۈر-ئانارىڭ قەنت-ناۋات.
ئوغلۇڭ ئۈچۈن جاندىن ئەزىز،
باغرىڭدىكى بىر ئۇنچىمۇ.

يىللارنى ئاتلاپ يانمىدىم،
مېھرىڭگە ئەسلا قانمىدىم.
بىلمىمىدى قوينۇڭدىكى
ئوتكەن ئۆمۈر بىر كۈنچىمۇ.

پەخرىمىمۇ سەن، بەختىمىمۇ
سەن،
ئالتۇن دىيار-تەختىمىمۇسەن.
يالقۇنلىنىپ مېھرىڭ يەنە
ياندى دىلىمدا شۇنچىمۇ!

## بادام دوپپا

بۇ گۈزەل بادام دوپپا
ئەجدادلاردىن نىشانە.
ياردىمۇ كىيگەندە،
زەپ چىرايلىق شاھانە.

ئاپئاق گۈللۈك-ئاق چوققا
تەڭرىتاغنىڭ پارىسى.
گىرۋىكىدىن كۆرۈنەر
تارىم دەريا ۋادىسى.
قايتارما:

ئەجدادلاردىن نىشانە،
تاجىمىز سەن-شاھانە.

دىلىمىزنىڭ رىشتىسى
شۇ دوپپىغا تىكىلگەن.
يۇرتىمىزنىڭ رۇخسارى
نەقىش قىلىپ چېكىلگەن.

مۇناسىپ ئۇ ئىشچانغا،
قەھرىمانغا-پەلۋانغا.
سوۋغا قىلساق ئەرزىيدۇ
ئەڭ سۆيۈملۈك مېھمانغا.
قايتارما:
مۇناسىپ ئۇ ئىشچانغا،
قەدىردانغا-مېھمانغا.

## چىرايلىق

دېھقان قىزى قۇياشلىق—
گۈلزارىڭىز! چىرايلىق.
گۈلزارىڭىزغا لايىق
رۇخسارىڭىز چىرايلىق.

ئېيتىڭچۇ ھەقنى جانان،
سىز ھۆرمۇ ياكى ئىنسان؟
ئېتىمىزدا سەرۋى سۈپەت
رەپتارىڭىز چىرايلىق.

گۈلشەندە سىز قىزىلگۈل،
گوياكى كۈيچى بۇلبۇل،
ئېتىمىزغا جان بەرگۈچى
ئەشئارىڭىز چىرايلىق.

ساپ تەر بىلەن سۇغارغان
مەي باغلىغان، قىزارغان،
شاخلاردا ئالما، ئەنجۈر،
ئانارىڭىز چىرايلىق.

ئېيتىپ قەلەمدە رەھمەت،
ئىزھار قىلىپ مۇھەببەت،
تۈزدى چىمەن شېئىردىن
خۇشتارىڭىز، چىرايلىق.



## ئىككى تېكست

مۇھەممەتئېلى زۇنۇن

### نەي بولسام

تاڭ سەھەردە ئويغاتتىڭ،
ئويغا سالدىڭ ـ ئويلاتتىڭ.
شۇنچە لەرزان نەي بىلەن
يۈرىكىمنى ئويناتتىڭ.
ئەقىدەڭنى ـ مېھرىڭنى
يۈرىكىمگە ئورناتتىڭ.

شاختا پىشقان ئەنجۈردەك
شىرنە باغلاپ مەي بولسام.
لەۋلىرىڭدە سايرىغان
خۇش ئاۋازلىق نەي بولسام.
شىرنە باغلاپ مەي بولسام،
لەۋلىرىڭدە نەي بولسام.

### ساداقەتنىڭ گۈلى سولماس

ئەجەب مۇڭلۇق ناۋا قىلدىڭ،
كۆزۈڭدە مەرۋايىت شەبنەم.
پىغانىڭدىن ئايان بولدى
يۈرەكىڭدىكى ھەسرەت ـ
غەم.

كۆزۈڭدىن تامچىغان شەبنەم،
ئەقىدە ـ مېھرى ياشىڭدۇر.
ساڭا مۇنچە ئەلەم قىلغان
ۋاپاسىز دوست ـ ئاداشىڭدۇر.

ئىشەنگىن غەمگۇزار دوستۇم،
ساداقەتنىڭ گۈلى سولماس.
ۋاپاسىز دەشتىگە ھەرگىز
سائادەت بۇلبۇلى قونماس.

ئۆتەر ئۇ بەلكى بىر چاغلار
بېقىپ تۈنلەردە يۇلتۇزغا.
سېنىڭ ئىشقى پىراقىڭدا
يېقىپ باغرىنى كۆك مۇزغا.

## ھىجران قوشىقى

تۇرسۇن نىياز

سۆيگۈدىن! تاپتۇق ۋىسال،
چىن بەخت ئاچتى قۇچاق.
كەلدى ھىجران سائىتى،
ئۆتمىدى كۈنلەر ئۇزاق.

«خوش!» دېدىڭ ئاخىر يەنە،
قاپلىدى دىلنى پىراق.
مەن قاراپ قالدىم مەيۈس،
سەن ئۇزاپ كەتتىڭ يىراق.

كەتكىنىڭ چېگرا سېنىڭ،
كەتمىدى ئىشقىڭ بىراق،
ياقتى ئەي جەڭچى يىگىت
مەردلىكىڭ دىلغا چىراغ.

## سۆيگۈ تەبەسسۇمى

مۇختار خەلىل

### كۆكبۆرىنىڭ رىۋايىتى

ناخشا ئېيتسام قاچانلا،
خىيال ماڭا پەرۋانە.
ئېسىمدىن ھېچ چىقمايدۇ،
قەدىمكى شۇ ئەپسانە:

مەغلۇب بولۇپ ئۇيغۇرلار
بىر ئۇرۇشتا ياغىدىن؛
قاپتۇ قورشاۋ ئىچىدە،
ئايرىلىپ يەر ـ باغىدىن.

بىر يېنى تىك تاغ ئىكەن،
بىر يېنى قۇم ـ جەزىرە.
شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا،
پەيدا بوپتۇ كۆكبۆرە.

ئەپچىقىپتۇ كۆكبۆرە،
ساپ ھاۋالىق يايلاققا.
ئىگە بوپتۇ ئۇيغۇرلار،
قايتىدىن سۇ، يەر ـ باغقا.

ناخشا ئېيتسام يىراقتىن
بۆرە كېلەر مەردانە.
ئېسىمدىن ھېچ چىقمايدۇ،
قەدىمكى شۇ ئەپسانە.

### دېرىزەڭنى ئېچىۋەت

ئايلىنىمەن كوچاڭنى،
ئايدىڭ تۈندە نەچچە رەت.
سالقىن كىرسۇن ئۆيۈڭگە،
دېرىزەڭنى ئېچىۋەت.

ئاي يۈزۈڭنى يۇلتۇزلار
قىلىۋالسۇن تاماشا.
دېرىزەڭدىن باقمىدىڭ،
ياڭراتساممۇ كۈي ـ ناخشا.

ئەي نىگارىم، باستىمۇ
سېنى غەپلەت ئۇيقۇسى.
شۇنداقمىدى ئامرىقىم،
ئىككىمىزنىڭ ۋەدىسى.

ئويلاپ يانسام ئەنسىرەپ،
كەتتىمۇ دەپ يۈز ئۆرۈپ؛
دېرىزەڭنىڭ تۈۋىدە
سەن تۇرىسەن تەلمۈرۈپ.

### سۆيەي سېنى، سەن سۆيمە

سۆيمىسەڭمۇ، مەن سۆيەي،
ئامرىقىم، بول سالامەت.
تىكەن ئۈنسۇن تېنىمدىن،
كۆرسە گۈلۈڭ مالامەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن تەبەسسۇم ئەيلىسەم،
قاپىقىمدا مۇز قاتسۇن.
باقسام ساڭا ئەيمىنىپ،
كۆزۈڭ چەنلەپ ئوق ئاتسۇن.

ھەر ئىككىلا ئالەمدە،
ئىچكىن بەخت شارابى.
تارتىپ كېتەي پەقەتلا،
ئۆزۈم دوزاخ ئازابى.

سۆيەي سېنى، سەن سۆيمە،
سۆيدۈرگىدەك ئەمەسمەن.
دەپ قالسەن سەۋدايى،
كۆيدۈرگىدەك ئەمەسمەن.

قايتارما:
ۋاپايىڭغا پىدامەن،
جاپايىڭغا پەيدا مەن.
كۆيمەسەڭمۇ سەۋدا مەن،
سۆيمەسەڭمۇ شەيدا مەن.

**مەست بولايلى ئاپپىقىم**

يىراق ئىدى ئارىمىز،
ئەجەب چاغدا ئۇچراشتۇق.
دەردى پىراق دەستىدىن
قاچانمۇ بىر مۇڭداشتۇق.

قانلار ئېقىپ، ياش ئېقىپ،
كەلدى ۋىسال پۇرسىتى.
قولغا ئالغىن قەدەھنى،
مەي - ساداقەت شەربىتى.

ساڭا شاراب سۇنغىنىم،
ئەمەس مېنىڭ چاقچىقىم.
يىغلارمىز يا كۈلەرمىز،
مەست بولايلى ئاپپىقىم.

**كاۋابچى ناخشىسى**

كاۋاب يەملا، كەلسىلە مېھ-
مان،
زەپ تەڭشەلگەن دورايۇ دەر-
مان،
كاۋاپىمنىڭ گۆشىدۇر پاق-
لان،
ئولتۇرسىلا مانا ئورۇن-جاي،
دەملەپ بېرەي سىلىگە كۆك-
چاي.

مېنىڭ كۆڭلۈم پىيالە بول-
سۇن،
رۇخسارلىرى گۈل - لالە بول-
سۇن،
شاگىرتلىرىم پەرۋانە بولسۇن،
مىراس قالغان ئاتا - ئانام-
دىن،
ئۆرگىلىسىلە، كاۋابخانامدىن.

ئۇيغۇر باركى - كاۋابمۇ ھەم
بار،
سېخىيلىق بار - ساۋابمۇ ھەم
بار،
ماڭا ئۇلۇغ مېھمان - خېرى-
دار،
كاۋابچى دەپ ئاتالدىم ئىس-
مىم،
خەلقىم ئۈچۈن كۆيسۇن جان-
جىسمىم.

## ناخشا تېكىستلىرى

### مېھمانجان روزى

**گۈلىستاندا ئۈمىلۈر ئۆتسە**

گۈلباغدىن سالام يازدىم،
بولۇپ تەشنا جامالىڭغا.
ئىشەنچەم ساڭا كامىل،
يېتەرمەن دەپ ۋىسالىڭغا.

خوشلىشىپ ئاشۇ ئاخشام،
بىلىم يۇرتىغا يول ئالدىڭ.
تەلپۈنگەن يۈرەكىمگە
مۇھەببەت ئوتىنى سالدىڭ.

ئىككىمىز كۆز يولۇڭغا مەن،
ياشاپ ئىشقىڭ بىلەن جانان.
تەر تۆكتۈم كۆچەتلەرگە،
ياساپ چۆللەردە باغ - بوس-
تان.

گۈلباغدا قۇچاق ئېچىپ،
كۈتەرمەن ئوقۇشۇڭ پۈتسە.
نە ئارمان سېنىڭ بىرلە
گۈلىستاندا ئۈمىلۈر ئۆتسە.

**گۈلباغ كۈيى**

دىلىنى ئەيلەر مەھلىيا،
جەننەت كۆچكەن بۇ گۈلباغ.
مېھنەت بىلەن گۈلئارا
ئۆتەر كۈنلەر شاد - خۇشچاغ.

بۇلبۇل ئاشىق بېغىمىز،
گۈل - چېچەكلەر دۇنياسى.
گۈلخۇمار قىز - يىگىتلەر
باغىنىڭ تاھىر - زۆھراسى.

قىز - ئوغلانلار ئەجرىدىن
بىنا بولغاچ لالەزار؛
بۇ چىمەنزار گۈلباغدىن
مەڭگۈ كەتمەس نەۋ باھار.

**قاچۇرمىغىن كۆزۈڭنى**

يۈرىكىمگە ئوت سېلىپ،
كۆزۈڭ چاقنار چولپاندەك.
پەرۋانىگە نە ئىلاج،
يېنىپ تۇرساڭ گۈلخاندەك.

كۆيگىنىمنى ئوتۇڭدا،
بىلدىڭمىكىن ئەي گۈزەل.
سۆزلەپ سۆيگۈ سىرىمنى،
ئېيتسام كوچاڭدا غەزەل.

ئۇچراشقاندا ئامرىقىم،
قاچۇرمىغىن كۆزۈڭنى.
ئاڭلىغايمەن قاچانمۇ
جاۋابىڭنى - سۆزۈڭنى.




(ھەجۋىي ھېكايە)

مىرمۇھسىن (سوۋېت ئىتتىپاقى)

نۇرغۇن ئادەمنى رەنجىتىپ يۈرگەن توخلىيېۋ خېلىمدىن بېرى ئاغرىق ئىدى. ئۇ ياتقان يېرىدىمۇ ئۆلۈمنى ئالداش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلمىدى دەيسىز. لېكىن پايدىسى بولمىدى. شەنبە كۈنى تاسادىپىي جان ئۈزدى. توخلىيېۋ بۇ كۈتۈلمىگەن ئۆلۈمدىن بەكمۇ بىئارام ۋە ھەيران ئىدى... ئۇنىڭ جېنى روچۇدىنگە ئايلىنىپ مۇردىنىڭ ئاغزىدىن غوڭۇلداپ ئۇچۇپ چىقتى-دە، ئۆي ئىچىدە ئۈچ ئايلىنىپ، ئاندىن مۇردىنىڭ بۇرنىغا قوندى. بىر دەمدىن كېيىن يەنە ئۇچۇپ، تاكچىغا قوندى. بۇ يەردە ساندۇق ئاستىغا كوزا كۆمۈلگەنىدى... ئەجەبا شۇنچىۋالا بايلىق قېپقالسا ھە!

مۇردا بىر كېچە ياتتى. ئەتىسى مۇردا چىقىرىلىشتىن ئاۋۋال يۇغۇچى كىشى يۇمىلاق سوپۇن بىلەن تازا ئۇۋۇلاپ يۇدى. يەرلىكمە قويۇش ۋاقتىدا توخلىيېۋنىڭ جېنى روچۇدىنمۇ غوڭۇلداپ ئۇچۇپ گۆرگە كىرىپ كەتتى.

گۆرگە مۇردىسىگە ئۈچ پاتىمانلىق چويۇن گۇرزە ئېلىۋالغان، قولىدا بوجغۇن شېخى كۆتۈرۈۋالغان قاپقارا مۇنكىر-نەكىر پەيدا بولدى. توخلىيېۋ دىر-دىر تىترەپ ئورنىدىن تۇردى.

—قېنى سوراقنى باشلايلى!— دېدى مۇنكىر-نەكىر ئالغاي كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

—لەببەي،— دېدى مۆلايىملىق بىلەن توخلىيېۋ، ئۇ كونا ئادىتى بويىچە يانچۇقىنى كوچىلاپ، مۇنكىر-نەكىرنى بىر چەتكە تارتتى،— ئازراقلا بىر نېمە ... ئالسىلا، ئۆزلىرىگە زور ئۈمىد بىلەن ئاتىغانىدىم...

—بىز پارا ئالمايمىز.

—بۇ پارا ئەمەس، — دېدى توخلىيېۋ قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ،— مېنىڭدىن كېلەر ئاغىچىغا سوۋغا، قولۇمنى ياندۇرمىسىلا.

ئۇ ھايات ۋاقتىدا يېنىدىن ئىككى كىشى سۆزلىشىپ ئۆتتۈۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئۇلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە: «ئەنە خۇدانىڭ ئەڭ ياخشى بەندىسى— توخلىيېۋ...» دەپ پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ: «مەن غېرىب بىچارىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار ...» دېگەندەك بېشىنى ئېگىپ، يولنىڭ چېتى بىلەن قۇيرۇقىنى قىسىپ



سىپ ئېيتەتتى. يەتتە بوغۇملۇق قۇيرۇقىدا زەھەرى يوقالغۇچىنى بىلدۈرمەكچى بولاتتى.

زوراۋان زوراۋاننى كۆرگەندە قۇيرۇقىنى قىسار، دېگەندەك ئۇ كونا ئادىتى بويىچە مۇنكىر-نەكىر يېنىدىمۇ ھېردىيانە تۇراتتى.

— توخ...لى...يېۋ، قېنى سوراققا ئۆتەيلى! تولۇكلىمەك قىلما!

— خوپ، خوپ، — دېدى قول قوشتۇرۇپ توخلىيېۋ، — سىزدەك ياخشى پەرىشتىلەرنىڭ سادىغىسى كەتسۇن. ئىسمىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغانمەن. ئۆلۈشىمدىن ئاۋۋالمۇ سىزگە بولغان ئېتىقادىم بەك يۈكسەك ئىدى. باشقىلار مۇنكىر-نەكىر ئانداقچى، مۇنداقچى دەپ سىزنىڭ مۆھتەرەم نامىڭىزغا تىل تەككۈزگەندىمۇ، مەن ھېچ يەرگە مەلۇم قىلمىغانمەن. دائىم سىزنى ماختاپ كەلگەنمەن.

— گۇناھىڭنى ئېيت دەۋاتىمەن؟ بولمىسا گۈرزە بىلەن بېشىڭغا سالىمەن، تېردىقتەك چېچىلىپ كېتىسەن!

— مېنىڭ ھېچ گۇناھىم يوق ئىدى. بىكاردىن بىكار ئۆلگىنىمگە ھەيرانمەن.

— ھە-ھە! مەھەللىدە سەن تۆھمەت قىلمىغان ئادەم قالمىدى. ھەتتا ئۆيۈڭنىڭ كەينىدە ئوتۇن يارغان تۇل خوتۇنغا «تېمىمغا دەز كەتكۈزدۈڭ» دەپ ۋارقىراپ، ئۇنىڭ ئۇستىدىن بىر ئۆلاچ ئەرز يازغىنىڭچۇ ... گەزلىمىنى سوزۇپ مېترلاپ ساتقانلىرىڭچۇ؟ چوڭراقلىرىڭنى كېيىن ئېيتىمەن ...

— بۇ بىر قېتىم بولغان ئىش، ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن، تەۋبە قىلدىم.

— ياش ۋاقتىڭدا كۈرۈچكە تاش، ئەينەك ئۇۋاقلىرىنى قوشۇپ ساتتىڭ! كېيىن باغچا بالىلىرىغا تېگىشلىك تاتلىق-تۈرۈملەرنى يەۋالدىڭ. ھاياتىڭدا بىرەر ئادەمنى ياخشى دەپ باقمىدىڭ. ھەممە ياخشى نەرسىلەرگە ھەسەت بىلەن قارىدىڭ. ئۆزۈڭ قابىلىيەتسىز. قولۇڭدىن ئىش كەلمىگىنى ئۈچۈن باشقىلارنى كۆرەلمەي ئىغۋا تارقاتتىڭ.

— ئۇ باشقا توخلىيېۋدۇر، مەن باشقا توخلىيېۋ بولىمەن. خۇدانىڭ خەستىنىمۇ تۈۋەن بىر مۆمىن بەندىسىمەن. خۇداھەققى، شۇنداق!

— خۇدانىڭ نامىنى سېتىپ ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىڭنىمۇ بىلىمىز! سەن خۇداكۆيلار ئارىسىدا خۇداكۆي بولۇۋېلىپ تاپاۋەت قىلدىڭ، خۇداسىزلار ئارىسىدا خۇدانى تونۇماسلىقىڭنى دەستەك قىلىپ پۇل تاپتىڭ. شۇنداق يوللار بىلەن توپلىغان بىر كوزا ئالتۇنىڭنىمۇ بىلىمەن. سەن خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىپ، كونىسىنى ئازابلاپ، ساراڭلار دوختۇرخانىسىدا ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدۇڭ! ياخشى ئادەملەر ئۈستىدىن تۆھمەت توقۇپ، ئابرويىنى تۆكتۈڭ. سېنىڭ جېنىڭنى ۋاقتىدا ئالماي يول قويغان ئەشۇ ئەزرائىلدىنمۇ رەنجىيمەن. شۇنچىۋالا جىددىي ئىشلارنى قىلغان ئەزرائىل ساڭا كەلگەندە بىلمىدىم، نېمىشقا غاپىل بولۇپ قالدىكىن! بۇ سۆزنى مەجلىستە ئەزرائىلنىڭ يۈزىگە تىك قاراپ تۇرۇپ ئېيتماقچىمەن. ئەزرائىل دېگەنمۇ شۇنداق بولامدۇ ھە!!!

مۇنكىر-نەكىر گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ توخلىيېۋنىڭ كاللىسىغا سالغىلى ۋاتقانىدى، ئۇ قورقىنىدىن قولىنى بېشىغا سايىۋەن قىلىپ: «سەۋر، سەۋر قىلىڭ!» دەپ ۋارقىرىدى.

— خوش؟

— ئەمدى سۆزنىڭ ئېنىقىنى ئېيتمىسام بولمايدۇ: مەيلى، مېنى گۈرزە بىلەن ئۇرۇپ تېردىقتەك چېچىۋېتىڭ. لېكىن خوتۇنىڭىز... خوتۇنىڭىزنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى بىلىمەن...

— نېمە، نېمە؟!

— ھە، بىلىمەن...

— نېمىنى بىلىسەن؟

— خوتۇنىڭىزنىڭ ئاشنىسىنى... ئىسپاتىم بار...

—ئاشنىسىنى؟— مۇنكىر-نەكىر ئويلىنىپ قالدى. ئۇ بوشاپ، ئىگىز كۆتۈرگەن گۈرزىنى ئاستا يەرگە قويدى، — جەبرائىلمۇ؟

توخلىيېۋ لېۋىنى چىشلەپ، يەرگە قاردى. مۇنكىر-نەكىر ئالغاي كۆزلىرىنى يۇمۇپ، خىيال سۈرۈۋاتقاندا، ئۇ غىپ قىلىپ، نېرىقى گۆرگە چىقىۋالدى. ئۇ كېپەنلىرىنى سۆرەپ قاراڭغۇ كېچىدە نەگىدۇر پاتىراقلاپ قاچتى. يولدا ئۇچرىغان ئۇششاق - چوششەك پەرىشتىلەردىن قايسى يول ئارقىلىق جەننەتكە بېرىشنى سورىدى. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى: «ئۆلگىنىم راست بولسا، جەننەتتە تۇرغىنىم ياخشى» دېدى. ئۇ شۇ كېچىسىدا ئەزرائىلغا ئۇچراپ قالدى؛ بىردىن نەپسى بوغۇلۇپ شامدەك قېتىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلگەن ئادەم ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ مەيدىسىگە تۈف-تۈف قىلدى-دە، تەمكىنلىك بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنراق باردى:

—سىزگە بىر ئاز سۆزۈم بار،— دېدى توخلىيېۋ قولىدا ئۆتكۈر قىلىچ تۇتقان ئەزرائىلغا.

—ئىشىم ئالدىراش، تېز سۆزلە،— دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ.

—خاپىدەك قىلىسىزغۇ، ئەزىزىم؟

—ھە، سېنىڭ جېنىڭنى ئاۋۋالراق ئېلىشىم كېرەك ئىدى، كېچىكتۈرۈپ قويۇپتىمەن. تىل ئاڭلىدىم، سەن خۇمپەرنى ئاۋۋالراق باقىي ئالەمگە يولغا سالغىنىمدا بۇنچىۋالا خىجالەتچىلىك تارتمايتتىم.

توخلىيېۋ: «ئاتىغىنىم بار ئىدى...» دەپ ئاغزىنى مىدىرلاتقانىدى، ئەزرائىل پەيلىدىن يېنىپ چۈشەندىم، دېدى. ئۇ قۇلىقىنى ئاتنىڭ قۇلىقىدەك دىڭگايتىپ توخلىيېۋنىڭ ئاغزىغا توغرىلىدى. توخلىيېۋ پىچىرلىدى. ئەزرائىلمۇ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن: «كېلىشتۇق، بۇ تەرەپتىكى ئىشلىرىڭنى توغرىلاۋە. كېيىن جېنىڭنى ئارخىپتىن تېپىپ بې-

رەمەن...» دېدى-دە، غايىب بولدى. توخلىيېۋ ئۇياققا سوقۇلۇپ، بۇ ياققا سوقۇلۇپ يۈرۈپ كەڭ بىر جايغا چىقتى. مايمۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان يوغلۇق بىر پەرىشتە توخلىيېۋقا يول كۆرسەتتى: «توپتوغرا ماڭسەن، سولغا بۇرالساڭ — دوزاخ، ئوڭدۇلغا بۇرالساڭ — ئەرسات، ئولاتەرەپكە بۇرۇلساڭ — جەننەت، كېپىنىڭنى يىغىشتۇرۇپ تۈزۈۋال» دېدى.

—چايخانا ياكى ئاشخانا... يوقمۇ بۇ ئەتراپتا،— دەپ سورىدى توخلىيېۋ.

—بىز پەرىشتىمىز، تاماق يېمەيمىز.

توخلىيېۋ بارمىقىنى ئاغزىغا سېلىپ ئويلىدى: «بىر ھېسابتا تاماق يېمىگەنمۇ ياخشى، پۇل تېجىلىپ قالىدۇ، چىقىم بولمايدۇ.»

توخلىيېۋ ھەر كۈنى بىر جەز بىلەن يېرىم ناننى يەيتتى. ئۇنىڭ يېنىدا دۇتاردىن ئېلىۋالغان ئىككى غېرىچ تار بار ئىدى. بۇ تار بىلەن جەزنى باغلاپ، نانغا قوشۇپ يالاپ يۇتاتتى. جەزنى تارتىۋېلىپ، يەنە نانغا قوشۇپ يالايتتى، يەنە يۇتاتتى... شۇنداق قىلىپ، بىر جەز بىلەن يېرىم ناننى يەيتتى.

پەرىشتە كەتكەندىن كېيىن، توخلىيېۋ ئوڭغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئارقا يوللارنى ئايلىنىپ، جەننەتنىڭ پەنجىرىسىگە يېقىنلاشتى. ۋاھ، بۇ يەردە ھۆر غىلمانلار، پەرىلەر ناز قىلىپ يۈرۈشۈپتۇ. بۇلبۇللار سايراپ، تاۋۇسلار قانات يېيىشىۋېتىپتۇ. يېرىم يالىڭاچ بىر نازىنىن قورسىقىنى تولغىمىنىدەك قىلىپ ئەرەبچە «قورساق ئويۇنى» قىلىۋېتىپتۇ. خۇدانىڭ ئەركە بەندىسى— تار شىم كىيىپ، چېچىنى پاخپايتىۋالغان بىر يىگىت شاراب ئېقىۋاتقان ئېرىق لېۋىدە تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپتۇ. «تازىمۇ ئامىتىڭ كەلگەن بالا ئىكەنسەن...» دېدى توخلىيېۋ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ. كېيىن: «بىر ئامالىنى قىلغان-دە، ئامالىنى قىلمىسا، شۇنچىۋالا ئابرويلۇق بولاتتىمۇ...» دېدى. شۇ چاغدا يوغلۇق پەرىشتىلەردىن بىرى توخلىيېۋنىڭ بېقىنىغا نوقۇدى: «بۇ ئەتراپتا تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەرساتقا بار!» دېدى.

www.uyghurkitap.com

تۇخلىيېۋ دەرھال ياش بىر پەرىشتىگە قول سۇنۇپ، ھال-ئەھۋال سوراشتى. «ئۇكام، بىر ئامال قىلىپ، جەبرائىل بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قويسالا ئىكەن. قەدەم ھەققىڭنى بېرەمەن» دېدى. يۇڭاۋۇق پەرىشتە كۈلدى: «ئۇ دۇنيادا قالغان ئىشىڭنى بۇ دۇنيادىمۇ قىلىۋاتامسەن-ھە، تۇخلىيېۋ...!» دېدى. تۇخلىيېۋمۇ پىخىلداپ كۈلدى: «شىكايەت يېزىشقا، پارا بېرىشكە ئۆگىنىپ قالغانىكەنمىز، ھەم ئالىمىز، ھەم بېرىمىز.»

يۇڭاۋۇق پەرىشتە ھەيران بولۇپ قالدى: «مۇنكەر-نەكىرگە تەشۋىش سېلىپ قويدۇڭ، جەبرائىل بىلەن ئىتتىپاقى بۇزۇلۇپ ئىشقا چىقماي يېتىۋالدى...»

تۇخلىيېۋ خامۇش بولۇپ قالدى، ئۇ ئەرسات تەرەپكە ماڭدى. ئەرسات دەشتىدە بىر نەچچە كۈن يۈردى، بۇ يەردە تېنەپ يۈرگەن بىر قېرى دىۋىنى يۈگەنلەپ مىنىۋالدى-دە، 10 مىڭ يىللىق يولنى بىر سائەتتە بېسىپ ئۆتتى. بىر-بىرىگە ئۇدۇل جەننەت بىلەن دوزاخ دەرۋازىسى يېنىدا جەبرائىل بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بىردەم زارلىغاندىن كېيىن، ئۇ جەبرائىلنىڭ پېشىگە پېشانىسىنى سۈركەپ ئۆكسۈپ يىغلىدى. قانداقلا قىلىپ بولسۇن يورۇق دۇنياغا قايتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى. چۈنكى ساندۇق ئاستىدا كوزا قالغان. ئەزرائىل ئۇنىڭ جېنىنى نا توغرا ئالغانلىقىنى (جەبرائىل بىلەن ئەزرائىلنىڭ ئىتتىپاقى ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلەتتۇق) ئېيتىپ يىغلاپ سۆزلىدى: «ئەزرائىل ھەزرەتلىرى كىمنىڭ جېنىنى ئېلىشنى بىلمەيدۇ، ئۇ كىشى سىلىنىمۇ ئانچە ھۆرمەت قىلمايدىغانلىقىنى بايقىدىم» دېدى دۇدۇقلاپ. جەبرائىل بۇ سۆزگە ئىشەنمىسىمۇ نېمىشقىدۇر ئىچ-ئىچىدىن دەز كەتتى. ئۇ تۇخلىيېۋنى ئەرساتقا قويۇپ ئۆزى شاپاشلىغىنىچە ئەرشئەلاغا ئۇچتى. توپتوغرا خۇدايىتائالانىڭ قېشىغا كىرىپ، ئەزرائىلنىڭ پارىخورلۇقىدىن شىكايەت قىلدى، سۆز ئارىسى-غا «تۇخلىيېۋ مەسىلىسى»نىمۇ قىستۇردى:

— ئەشۇ تۇخلىيېۋنى تىرىلدۈرۈپ قويايلى. شۇنچىۋالا ياخشىلار ئارىسىدا بىر يامانغا ئورۇن تېپىلىپ قالار. بۇ بىزنىڭ ئىگىۋالغان بېھىشنى ئاغرىتىۋاتىدۇ. مۇنكەر-نەكىرنىمۇ ماڭا قارشى قىلىپ قويدى...

—خەۋىرىم بار،— دېدى خۇدا جەبرائىلغا قاراپ،— بۇ ھارامزادىنى مەن ياراتقانمۇ، باشقا بىرسى ياراتقانمۇ، بىلمەيمەن. ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ قويدۇقۇ، لېكىن ئۆزىمىز ھەيران بولۇپ قالدۇق. دوزاخقا تاشلاشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ يەردە تۇخلىيېۋتىنمۇ رەزىل دۈشمەنلەر بار؛ ئۇلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، پۈتۈن دوزاخنى بىزگە قارشى قىلىپ قويىدۇ. جەننەتكىمۇ يولاتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھۆرى غىلمانلىرىمىزنى يولدىن چىقىرىدۇ. تىرىلدۈرۈپ قويۇشتىنمۇ قورقىۋاتىمەن— يورۇق دۇنياغا بېرىپ ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، ئادەملەرنى قىينايدۇ.

خۇدا بېشىنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ، چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى.

—ئەرساتتا تۇرۇۋەرسۇن، ئۆمرىنى ئەرساتتا ئۆتكۈزۈۋېتەيلى،— دېدى جەبرائىل.

—ياق، —دېدى باش چايقاپ «ئۇھ» دەپ خۇدا،— ئەرساتتا جىم تۇرارمۇ، ھەر ئىككى كۈندە بوسۇغىمىزغا كېلىۋېلىپ بېشىمىزنى ئاغرىتارمىكىن.

شۇ چاغدا دەرۋازىدا بىر شەپە سېزىلگەندەك بولدى. خۇدا بىلەن جەبرائىل تەڭ قاردى. كېيىنگە ئورۇنلىۋالغان تۇخلىيېۋ قانداقتۇ يوللار بىلەن ئەرشئەلاغا چىقىپتۇ. ئۇ ھىجىيىپ، ئىككى پۈكلىنىپ خۇداغا سالام بەردى.


—ئەنە، دېمىدىمۇ...—دېدى خۇدا ھاڭ-تاڭ بولۇپ.

---

ئاپتورنىڭ ئۆزبېكچە «ئەسەرلەر» 4-تومىدىن

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# دانىشمەنلەردىن ئەخلاق توغرىسىدا

## نەسىھەتلەر

* سېنى ئەگەر بىر كىشى تازا ماختاپ قويسا ئۇنى «مېنىڭ دوستۇم ئىكەن» دەپ ئويلاپ قالما. سېنىڭ دۈشمىنىڭمۇ سېنى ماختاپ تۇرۇپ ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ.

* گەپچى بولماي ئەقىلنى ئىشلىتىشكە ماھىر بول! ئۇتتىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — ئۇ، سۆزگە ئۇستا بولغىنى ئۈچۈن قەپەزدىن قۇتۇلالمايدۇ ئەمەسمۇ؟ — پىفاغوروس

* بىر ئادەمنىڭ سۆزىنىڭ تېگىنى بىلمەسەڭ ئۇنىڭغا سۆز قايتۇرما!

* سەن يوق ۋاقىتتا ئۆيۈڭگە كىرىپ ئولتۇرىدىغان، يا تىلدىغان دوستلىرىڭدىن ھەزەر قىل! — ئۇنداق كىشىلەردىن ۋاپا كەلمەس.

* ئۆزگىرىشچان ئادەملەرگە ئاشنا بولما!

* خاتۇن كىشىلەر بىلەن سۆھبەتنى ئاز قىل!

* خاتۇن كىشىلەر بىلەن تولا بىللە بولساڭ سۆزۈڭ ئېتىبارسىز بولۇر.

* ۋاقتى ئۆتكەن ئىشقا تەدبىر ئىزدىمە!

* كىشىنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈپ مەسخىرە قىلما، ئۆزۈڭنىڭ ئەيىبىڭگە باق!

* تولا چاقچاق قىلىدىغان ئاغىنىدىن ھەزەر قىل! — سوقرات

* ئەگەر بىراۋ سېنى ماختىسا مېنىڭ دوستۇم ئىكەن دېمە؛ ئەگەر بىر كىشى ساڭا ئاغرىتىپ نەسىھەت قىلسا ئۇنى دۈشمەن بىلمە. — جالىنۇس

* پادىشاھ دېگەن ئىلكى بىسلىق قىلىچقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئىنئامىغا خۇش بولۇپ كەتمە! غەزىپىدىن ئەمىن بولما!

* دوست ئۈچ خىل بولىدۇ: 1. ھەقىقىي دوست. ئۇ — بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە مەلۇم بولىدۇ، ساڭا جانپىدالىق قىلىدۇ. 2. پۇل-مېلىڭنىڭ دوستى. ئۇ، سەن ئەگەر ئىقتىسادىڭدىن ئايرىلساڭ سەندىن يىراقلىشىدۇ. 3. خوتۇنىڭنىڭ دوستى. ئۇ، سېنى ئۆلتۈرىدۇ ياكى سېنى قاتىل قىلىدۇ.

* پادىشاھقا خىزمەت قىلىش يىرتقۇچ شىرغا مىنىۋالغانغا ئوخشاشتۇر. شىر خالىسا ئامان قويىدۇ، خالىسا يەيدۇ. پادىشاھ ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان ئادەم بۆرىنىڭ قېشىغا باغلاپ قويغان قويغا ئوخشايدۇ. ئۇنى قانچە باقسىمۇ سەمرىمەيدۇ.

* كىشى ئەگەر ئۆزىنى قەستەن ئۆلتۈرۈشنى خالىسا ھاراقنى كۆپ ئىچسۇن. ھاراقنى كۆپ ئىچكەن كىشىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولمايدۇ. — بوقرات

* پادىشاھ بولغان ئادەم ئالتە تۈرلۈك ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك:

## ئەخلاق ئادەم زىننىتى

1. پادشاھ تاقەتسىزلىك قىلماسلىقى كېرەك. پادشاھ سەبىرۋ - تاقەتلىك بولمىسا خەلق ئۇنىڭدىن بىزار بولىدۇ.

2. پادشاھ ئەيش - ئىشرەت بىلەن بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. پادشاھ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتسە يۇرت ۋەيران بولىدۇ.

3. پادشاھ زالىم بولماسلىقى كېرەك. پادشاھ زالىم بولسا دۆلەت مۇنقەرز بولىدۇ.

4. پادشاھ ياۋاش بولماسلىقى كېرەك. پادشاھ ياۋاش بولسا سىياسىتى ئىجرا قىلىنمايدۇ، جارى بولمايدۇ.

5. پادشاھ خۇدپەرەس بولماسلىقى كېرەك. پادشاھ ئەگەر خۇدپەرەس بولىدىكەن، ئۆمرى قىسقا بولىدۇ.

6. پادشاھ دۈشمەنگە سەل قارىماسلىقى كېرەك. پادشاھ ئەگەر دۈشمەنگە سەل قارىسا دۈشمەن قولىدا ھالاك بولىدۇ.

— باتلىمۇس

## لوقمان ھەكىمنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن

* لوقمان ھەكىمدىن بىر كىشى «سىزنىڭ دورىڭىز پايدا قىلمايدىغان كېسەلمۇ بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. بۇ كىشىگە لوقمان ھەكىم: «ئىككى خىل كېسەلگە مېنىڭ دورام پايدا قىلمايدۇ.1. بەدخۇي ئادەمنىڭ بەدخۇيلۇقىنى ساقايتالمىدىم.2. نادان ئادەمنى ساقايتالمىدىم. ئۇ ھەمىشە ئۆزىنى زىيانلىق يولغا سالىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

* لوقمان ھەكىمدىن بىر كىشى: «مەن قانداق قىلسام دۇنيادىن خاتىرجەم ئۆتەلەيمەن؟» دەپ سوراپتۇ. لوقمان ھەكىم بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «دۇنيادىن خاتىرجەم ئۆتەي دېسەڭ: 1. يالغان سۆزلىمە، بولمىسا ئىناۋىتىڭ تۆكۈلىدۇ. 2. كىم پادشاھ بولسا ئۇنىڭ سىياسىتىگە ئىتائەت قىل، قارشىلىق كۆرسەتمە، بولمىسا بېشىڭنى داردا كۆرىسەن. 3. تاماگەر بولما، قانائەتلىك بول، بولمىسا ھۆرمىتىڭ يوقىلىدۇ. 4. ئادەملەر ئۇرۇشۇۋاتقان يەرگە يېقىن كەلمە، بولمىسا تۆھمەتكە يولۇقىسەن. 5. پەرزەنتلىرىڭگە ئىلىم ئۆگەت، ئەدەب - ئەخلاق ئۆگەت، ئەگەر ئۇلار ئەدەب - ئەخلاقلىق بولمىسا سېنى خىجالەتكە قويىدۇ. 6. ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىڭغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل! كېيىن ئۇلار ساڭا ھامىي بولىدۇ. دوست، يار، ئاغىنىلىرىڭگە كېمىل بولۇپ ئەيردي ئادەملەردىن پۇل- مال ئېلىپ بەرمە. پۇل-مال ئالغۇچىلار بولماي قالسا تۇتۇلۇپ قالىسەن».

* لوقمان ھەكىم يەنە مۇنداق دېگەنىكەن:

ئۈچ ئىش ئىنساننى خۇش، ئۆمرىنى ئۇزۇن، ئەقلىنى زىيادە قىلىدۇ: 1. كىشىگە خاتۇنى ئىتائەتلىك، شەپقەتلىك، كۆيۈملۈك بولسا. 2. كىشىنىڭ قولى ئۇزۇن، تۇرمۇشى باياشات، ئەرقى ناۋادا ئەرزانچىلىق بولسا. 3. كىشىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى شەپقەتلىك بولسا.

دۇنيادا دۈشمەنلىكنىڭ يامىنى كىشىگە ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ نامېھرىبانلىقى، يامانلىقى، زىيان سېلىپ تۇرۇشىدۇر. ئەگەر كىشى مۇنداق ھالغا ئۇچرىسا ئاڭا ئۆيىدىن زىندان ياخشىدۇر.

ئىنساننى تۆت ئىش ھۆرمىتىدىن ئايرىپ خار قىلىدۇ:

1. ياش خاتۇنلار بىلەن تولا مۇلاقات بولۇش، ئويۇن - چاقچاق قىلىش. 2. بەزەن ناشايان ئىشلارنى قىلىپ، ئەل-جامائەت ئىچىدە ئۆزىنى ئەرزان قىلىش. 3. ھەقەمسايىلىرىنىڭ بالا - چاقىلىرىغا چېقىلىش. 4. ھاراق - شارابنى كۆپ ئىچىپ كوچىلاردا رەسۋا بولۇش.

پارسچە «كاشكول سەلىمى» ناملىق تارىخىي ئەسەر (تاشكەنت غۇلام ھەسەن ئارىفجانوۋ مەتبەئەسى) دىن:


داموللا ئابدۇلئەزىز، سوزۇك تەرجىمىسى













ھۆسنخەتلەرنى ئابلىكىم ئەمەت يازغان

(ئشىر دىماغىدىن ئېلىندى)

ردكە خلنر قورومالق

چوشسمو ياپراق

دونيانىڭ كەركۈيى

يوقمو لشتىن كويپراق

——— (ئا. تىمۇر) عابدۇرخالدىم

ھەر قاچان بولسۇن باغۇ گۈل كېرەك،
بولمىسا ھىجراندىن ئۇر يۈرەكلىرى،
كۆڭلىمۇ شادمۇ شۇ ھەر بۇلبۇل كېرەك،
بولمىسا كۆڭلىگە يىمۇ گۈل يۈرەكلىرى؛

ئەلنى سۆيگەن خار بولماس،
يەرنى سۆيگەن زار بولماس.

قىلىقتا قىرى، ئۆزى ياشتۇر ئەقىل
ئەقىل قايدا بولسا ئۇنىڭغا يېتسىل

——— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بولسا كىم ھۈنەرتەر دوست ئۇ جاھانغا دوست
دوست ھەمرا دۆلەتتەر دوست ئۇ ئانغا دوست

«كەلىلە ۋە دىمنە»دىن

## ۋاقىت غەنىمەت


ياشلىقىڭدا ئۆتكەن ئۆمرۈڭنى كۆرۈپ كۈندە ئېچىلماس،
پوشايمانىڭ قاچسىن قىيغاندا تېپىلماس؛

——— ئا. ئۆتكۈر

## ناۋائىي

ھازىرقى ۋاقىتنى غەنىمەت بىل كىم ئۆتكەن
ۋاقىتتىن ئىز يوق ئۆتۈپ كەتكەن
ھەر قاندىن ۋاقىتنى ھېكىم نىشان تا.
پالچايدۇ.

ھۆسنخەتلەرنى ئىسمائىل ئىبراھىم يازغان



www.uyghurkitap.com

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال) 1989 - يىل 6 - سان. 38 - يىل نەشرى 新疆文化（维吾尔文）

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. تېلېفون نومۇرى: 28055. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. تاق ئايلارنىڭ 20 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.